

www.uyghurkitap.com



# ئەسسالام ھۆرمەتلىك كىتابخان:

سالام قەدىرلىك قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز بۇ بىر يىل ئىچىدە مەنىۋى ھاياتىڭىزلارنى بېيىتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر قەدەر مول مەزمۇنلۇق، نادىر ئەسەرلەرنى دىققىتىڭىزلارغا سۇنغان بولسىمۇ ئەمما خەلقنىڭ تەلىپىگە دېگەندەك ماسلىشالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ.

بىز 1992 - يىلىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ ئاپتورلارنى دادىل ئۇيۇشتۇرۇپ كىتابخانلارغا ھەقىقىي ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلماقچىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق»، «كىتابخان، ئاپتور، مۇھەررىر»، «ئەدەبىي ئۇچۇرلار» سەھىپىلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، «كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن نەمۇنىلەر»، «مىكرو ماقالە»، «شېئىرلارغا باھا» قاتارلىق يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچماقچىمىز.

«كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن نەمۇنىلەر»دە كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. «مىكرو ماقالە»دە ژۇرنىلىمىز ئېلان قىلغان ئەسەرلەرگە بېرىلگەن كىچىك تىپتىكى باھا، كىتابخانلارنىڭ ئۈمىد - تەلەپلىرى بېرىلىدۇ. «شېئىرلارغا باھا»دا ھەر سانىدىكى مەلۇم شېئىرلارغا ئوبزورچىلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ بەرگەن قىسقىچە باھاسى بېرىلىدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ ژۇرنالنى تەڭ باشقۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز 11 - ئايدا پوچتىخانىلار ئارقىلىق كېلەر يىللىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. پېشقەدەم مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى قېرىنداشلارغا كەڭ تەشۋىق قىلىپ مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنىمىز.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرىمىز: 83—58

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

# [illegible]

ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن
ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن

[illegible]

—— خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

ھۆسنخەتنى تۇرسۇن قۇربان يازغان.

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1991 - يىل 5 - سان


# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر


قارا پەرىشتە...... كۆرەشجان ئۆمەر 1
تەقدىر...... نىجات مۇخلىس 21
خىجىللىق...... يار مۇھەممەت 29
پىچىرلاشنىڭ سىرى...... سالىم مۇسۇل 36
ئىككى ھېكايە...... پاتىمە قۇربان 39
مەرەز...... ياسىن مۇخپۇل 74


### ئەدەبىي ئاخبارات


كاتىپنىڭ خاتىرىلىرى...... ئەركىن روزى 46


### نەسرلەر


نەسرلەر...... تەنھا 41


### شېئىرلار


تۇرپان بوياقلىرى...... خېۋىر تۆمۈر 54
ھايات ھامان دىلبەردەك گۈزەل...... ئابلىكىم خېۋىر 56
ۋەتەن...... مۇھەممەتجان سادىق 58
كۆڭۈل بېغىدىن تەرمىلەر...... مۇھەممەت ئىمىن 59
شېئىرلار...... روزى نىياز 64
شېئىرلار...... ئىلغارجان سادىق 66
ئىككى پارچە شېئىر...... پەرھات جامال 67
تېڭىرقاش تۇيغۇلىرى...... غالىپ قۇربان 67
قوش يۈرىكى يوپۇرماق...... ئادىلجان تۇرنىياز 68
ئەيىب سىنالەردە ئەمەس ھەي دوستلار...... ئابدۇكېرەم ھوشۇر 68
قىز قەلبىدە...... دىلبەر روزى 69

ئىككى شېئىر ........................................ ئالىم تۇرسۇن 70
شېئىرلار ........................................ تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 70
ھىجران چۈشى ........................................ باتۇر روزى 72


## چەت ئەل ئەدەبىياتى


پەلسەپىۋى نەسىرلەر ........................................ سەنماۋ 43
ئالىم خالىدىن تەرجىمىسى
ئىككى ھېكايە ........................................ جەزىرە بۇرھانوۋا 91
شېئىرلار ........................................ مىرزا كەنجىبېك 105


## دراما


ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل ........................................ فىردەۋس ئەزىزى 85


## ماقالىلەر


سۈنئەت ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ........................................ ئابدۇللا تالىپ 88
ئوكتاۋىيو پاز جۇڭگو ئەدەبىياتى توغرىسىدا ........................ ھەجەرگۈل قاسىم تەرجىمىسى 89


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى


تاتار خەلق لەتىپىلىرى ........................................ رىپۇللا 107


## ئەدەبىي ئۇچۇرلار


ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................................ 108


مۇقاۋا 1 - بەت: ئاتاقلىق ياش مۇقامچى ئوسمان. تۆردى ئېلى فوتوسى.
مۇقاۋا 2 -، 3 - بەتلەردە بەدىئىي سۈرەتلەر.
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت






(ھېكايە)

## كۆرەشجان ئۆمەر

تۆپە - تۆپىلەپ ياغقان قېلىن قار ئۈستىدىكى ئاياغ ئىزلىرى، يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ تار - مۇز لاتقىسى بىلۇپ ئې-غىر ئېقىۋاتقان دەھشەتلىك دەريا قىرغى-قىغا بېرىپ غايىب بولغانىدى.

× ×

شەھەردىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراق-لىقتىكى ق دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى-غا جايلاشقان بۇ تاغلىق كەنتنى بىلى-دىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك، بۇ يەردىكى ئادەملەرنى كۆرگەنلەر ئۆز-لىرىنى گويا قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قەبىلىلىرىگە كىرىپ قال-غاندەك ھېس قىلىشىدۇ. بۇ ئىككى مە-ھەللىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى تۇقاي، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئارال. بۇلارنىڭ قاچا-لاردا ئاپىرىدە بولۇپ قالغانلىقىنى يۈز ياشقا كىرگەن بوۋاي - مومايلارمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئارال مەھەللىسى بەكلا كىچ-چىك بولۇپ، ئۈچ تەرىپىنى خەتەرلىك ئېگىز تاغ، بىر تەرىپىنى قورقۇنچلۇق دەريا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېقىدىنى قاپساپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى مەھەللە تۇۋلىسا ئاۋاز يەتكۈدەك يەرگە جايلاشقىنى بىلەن تەقدىرى قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن، بىر ئۆمۈر قارشى قىرغاقنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ.

جاھان ئىللىپ، زېمىنىنىڭ باشقا يەرلىرىدە ئوخشاش بۇ يەرگىمۇ ئەتىياز كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىن، جەمئىيەتتىن، ئادەملەردىن تەبىقە ئايرىشنى بىلمەيدىغان سېخى قۇياش ئۆزىنىڭ ھاياتقا شىپا، چىرايلىق نۇرلىرىنى بۇ يەرگىمۇ چاچقىلى تۇردى. ھاۋا ئانچە ئىسسىق بولمىسىمۇ تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قارلار ئېرىپ، قاپتاللاردىن ئاپئاق شور ئۆرلەپ، چەكسىز چۆللۈكتىكى يىگانە ياپراقتەك بۇ قوشماق مەھەللىگە ئەپسانىۋى گۈزەللىك بەخش ئەتكەندى. ئارالدا پەقەت بەشلا ئادەم بار. ئۇلارنىڭ بىرى بۇ قەدىمكى زېمىنگە نىسبەتەن خاتىرە بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالغان يۈز ياشلىق چاۋار بوۋاينىڭ ئائىلىسى، يەنە بىرى ئۇنىڭ يەتمىش ياشلىق ئوغلى ياتاقنىڭ ئائىلىسى، يەنە بىرى چاۋار بوۋاينىڭ ئىنىسى تاشتىن تۇل قالغان تۇرانخاننىڭ ئائىلىسى.

چاۋار بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىن كىچىك قالغان بىر قىزى بار. قىرىق ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان، ئارال باشقا يۇرتلاردىن ئايرىلىپ تۇرغاچقىمىكىن ياكى خەلچەنىڭ بوي بەستىنىڭ بەك كۆرۈمسىز، رەڭگى-رۇخسارىنىڭ تولىمۇ سەتلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر باشقا سەۋەبلەر بارمۇ قانداق، ئۆي-ئوچاقلىق بولالمىدى. ئارالدا پەقەت بىز يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەنلەردىن باشقىلار-نىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلگەنلەر ئارالنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىگە ئاددىيغىنە دەپنە قىلىنغان. بۇ يەرگە دەپنە قىلىنمىغىنى دەريا قەيەرگىدۇر ئېقىتىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چاۋار بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە يېرىم كېچىدە دەريا ئوغرىلاپ كەتكەنمىش. بۇنىڭغا بۇيەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ. ئۆزلىرىنىمۇ دەريانىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ. ئارالدا ھايات ياشاۋاتقان بۇ بەش ئادەم ھەر خىل پېشكەللىكلەردىن، كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ھەر ئاينىڭ ئۇلۇغ بىر كۈنىنى تاللاپ، قارا قوشقاردىن بىرنى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلاپ قېنىنى سۇغا ئېقىتىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم سوراپ تائەت-ئىبادەت قىلىشىدۇ.

بىلىندۈرمەي يۈرگىنى بىلەن ئاراللىقلارنىڭ بېشىدا بىر غەم بار. خەلچە تۈز كۆڭۈل قىز، ئۇنىڭ قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان يۈزلىرىدىن ھېسسىياتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كۆزلىرىدىن چۈشەنگىلى بولمايدىغان ياۋايىلىق يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇ زامانىسىغا لايىق ئازراقمۇ تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا قۇياشنىڭ نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىدىغانلىقىنى، زۇلمەتنى يورۇتالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. قورساق ئاچسا ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى، ئۇسسىسا سۈتىنى سېغىپ ئىچىشنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە خۇدانىڭ، جەننەتنىڭ، دوزاخ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ، ئادەملەرنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ئەجەللى توشۇپ قالسا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ياتاق ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان بولسىمۇ، ئۇزاق يىللار داۋامىدا بىرەر پەرزەنت يۈزى

كۆرمىگەن. چاۋار بوۋاينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ياتتاقنىڭ ئايالىنى بوۋاق چېغىدىلا ئارالىقلار بۇ دەريادىن سۇزۇۋالغانىمىش؛ ئۇنى چاۋار ئاكا بېقىپ چوڭ قىلىپ، ياتتاققا ياتلىق قىلغانىكەن. تۇراقچانىڭمۇ پەرزەنتى يوق، ئۇمۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە خەلچەلا يېگانە بالا ھەم بۇ يەرنىڭ كەلگۈسىگە خەلچەلا يالغۇز ئانا.

ياز يورۇشى بىلەن ياتتاق ئايالىنى ئېلىپ ئۈچ ئائىلىنىڭ بەش يۈزدەك چوڭ-كىچىك چارۋىسىنى ھەيدەپ قارلىق تاغقا چىقىپ كەتتى. ئارالدا پەقەت ئۈچلا ئادەم قالدى. كۈنلەر ئارقا-ئارقىدىن ئېغىر تاش دومىلىغاندەك زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە ئىدى. كېچىچە ياغقان باش باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرى بۇ يەرلىكلەرنىڭ نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلىگەندەك تاغ-داللارنى يۇيۇندۇرۇپ، گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. كۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قوي پېيى، ئادراسمان، ئارچا ياغىچىنىڭ ھىدى قوشماق كەنتلەردىن يىراق ئېدىرلارغا ئاستا-ئاستا تارىلىپ، ئەجدادلارغا ئاتاپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نەزىر-چىراغ مۇراسىملارنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەردە گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان ق دەريا ئېقىنىنى بويلاپ لەگمىڭ، لەكمىڭ قارلىغاچ توپى كۈن نۇرىنى توسۇپ دېگۈدەك خۇددى توسالغۇسىز چىقىۋاتقان قارا بوراندەك تارىم ۋادىسىغا سۈرۈلمەكتە ئىدى. چۈش ۋاقتى بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قارلىغاچلار قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەتراپ خۇددى كەچ كىرىپ قالغاندەك تۈسكە كىرگەنىدى. خەلچە دەريا قىرغىقىدىكى كىچىك تۆپىلىكتە ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قارلىغاچلار توپىغا قاراپ ھەسرەتلىك خىيالغا پاتقانىدى. ئۇ قارلىغاچلارنى كۆرسە خۇشاللىقى تېرىسىگە سىغمايلا قالاتتى. ئۇنىڭ قارلىغاچلارنى بۇنچە ياخشى كۆرۈشى بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى: ئۇ قارلىغاچلارنى ھەر قېتىم كۆرگەندە يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇپ كېتەتتى. قارلىغاچلارنىڭ كەچكۈزدە بۇ زېمىندىن ئېقىننى بويلاپ جەنۇبقا كۆچۈشلىرى ئۇنىڭغا پۈتمەس-تۈگىمەس قايغۇ-ئەلەم ئېلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ يەنە مۇشۇ ئېقىننى بويلاپ قايتىپ كېلىشلىرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى قاتتىق لەرزىگە سالاتتى. ئۇ بۇنداق كۈنلەردە خۇشاللىقىدىن كېچىلىرىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەتتى، قارلىغاچلار قايتىپ كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلمايتتى، كۈنلىرى زېرىكىشلىك ئۆتمەيتتى. يۈرىكىدىكى ھېسابسىز دەرد-ئەلەملىرىنى قارلىغاچلارغا ئۈنسىز سۆزلەپ بېرىپ، ئېغىر كېسەلدىن ساقايغاندەك ئۆزىنى ساغلام، تېتىك ۋە خۇشال ھېس قىلاتتى. قارلىغاچلارمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىدىغاندەك، كەچكۈزدە بۇ يەردىن قايتقانىدا ۋىچىر-ۋىچىر سايرىشىپ «كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بىز چوقۇم قايتىپ كېلىمىز، ساڭا نۇر، ھارارەت ئېلىپ كېلىمىز ...»، باھاردا قايتىپ كەلگەندە «مانا بىز سېنى دەپلا قايتىپ كەلدۇق، ساڭا ئىللىق باھار، خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېلىپ كەلدۇق» دېيىشەتتى، بۇنى خەلچە چۈشىنەتتى. ئۇ قارلىغاچلارنىڭمۇ ئادەملەردەك گەپ قىلالايدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭمۇ چىرايلىق تىلى بارلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشەنمەسلىكىكە كۆڭلى ھەرگىز يول قويمايتتى. بۇ پەرىشتىلەر ئېيتقان لىرىك ناخشىلار ئۇنىڭغا ھۆر - غىلمانلارنىڭ دۇئايى تىلاۋەتلىرىدەك، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قاپلاپ ئۇچۇشى، دەرد كەلگەن بېشىنى تەڭرى سىلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە (قارا پەرىشتە بىلەن تونۇشقان چاغلاردا ... قورسىقىدا نارسىدە بىر بوۋاق تېپچەكلەشنى باشلىغاندىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە) بۇ خىل ھاياجانلىنىش، خۇشال بولۇش ھېسسىياتى ئۇنىڭغا ئايرىلماس ھەمراھ بولدى. لېكىن بۇ خىل پىسخىك ئىپادىلەرنى ئۇنىڭ ئەشۇ قارا داغ بېسىپ كەتكەن چىرايىدىن تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان كۆزلىرىدىن ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ خۇددى مېڭىسىدىن ئاداشقان كىشىلەرنىڭ گادىرماچ تەسەۋۋۇرىدىكى خىيالىي ئوبرازغا ئوخشايتتى. ئۇ قارلىغاچلارنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ ئالدىراپ كۆچۈۋاتقانلىقىغا قاراپ، دەريانىڭ تەڭرى يېنىغا بارىدىغان يول ئىكەنلىكىنى جەزم قىلاتتى. ئۇ قارلىغاچلارنىڭ يېنىدىك سىلكىنىۋاتقان پەيلىرىدىن ئاسمىنىڭ ئۇنتۇلغان سىماسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بەدىنى مۇزلاپ تىترەك باستى. ئۇ ھەيران قالدى. قارلىغاچلار بۇ يەردىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان قۇياشنى پارچىلاپ، ھەممىسى بىر پارچىدىن چىشلەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ياز پەسلى كېسەلمەن ئادەمگە ئوخشاش جان تالىشىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا جىددىيلەشتى - دە، ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قارلىغاچلارغا:

— ھەممىڭلار توختاڭلار، بۇ يەردىن كەتمەڭلار، كۆرمەيۋاتامسىلەر، ياز... ياز...— لېكىن قارلىغاچلار توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى؛ ئۇلار خۇددى ئاڭلاش سېزىمىنى تۇيۇقسىز، دەل مۇشۇ چاغدىلا يوقىتىپ قويغاندەك كېتىۋاتاتتى. خەلىچە ئېسىگە كەلدى. خىيال قىلغانلىرىنىڭ — ھېلىلا خىيال قىلغانلىرىنىڭ ئۆتكەن يىللى كەچكۈزدە بولغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئەساەپ:

— ياخشى ... ئۇچۇڭلار ... توختىماي ئۇچۇڭلار ... كۆپلەپ كېلىڭلار. مەن، ياق مەنلا ئەمەس ئارالىقلارنىڭ ھەممىسى كۈن نۇرىغا، ئىسسىقلىققا مۇھتاج، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. قارلىغاچلار توختىماي ئۆتۈۋاتاتتى. خەلىچە بىر تەرەپتىن خۇشال بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قارلىغاچلارنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى بىرگە ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۆزىنىڭ قارلىغاچلارنىڭكىدەك قانىتى بولۇپ قالمىغانلىقىدىن ئېغىر خۇرسىناتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇشقا باشلىدى. قارلىغاچلارغا ئېيتسام ئۇلارنىڭ يېرىمى بولسىمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇشقا قوشۇلارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ قالسا بىزنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىمىزنى يارىتارمۇ؟

كەچ كىرىپ قالغانىدى. خەلىچە خىيالىرىنى يەنە داۋاملاشتۇراتتى. قارلىغاچلار مۇنۇ تاغدىن ئۆتسە قەيەرگە بارىدىغاندۇ؟ ... تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، ئەتراپنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. شىمال تەرەپتىكى تاغدىن يامراپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇت ھاياتلىققا تەھدىت سالماقتا ئىدى. خەلىچىنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچ، تېڭىرقاش قاپلىماقتا ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپ قالدى،

قەدەم بېسىشقا تەمشەلدى ـ يۇ، نېمىشقىـ
دۇر توختاپ، ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قارلىغاچـ
لارغا يەنە قارىدى. تاغ بورىنى ئېلىپ
كەلگەن ئۆتكۈنچى يامغۇردا قارلىغاچلارنىڭ
تەرتىپلىك ئۇچۇشى بۇزۇلغانىدى. خەلىچە
نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

× ×

ئاھ! ئادەم ... تەبىئەت ... زوراۋانـ
لىق ...

× ×

قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى. خەلىچە قارلىـ
غاچلاردىن بۇ ھالەتتە ئايرىلىشنى خالىـ
مايتتى. ئۇ قانچە ـ قانچە قېتىم قارلىغاچـ
لارغا كېلىدىغان كېلىشمەسلىك ئۆزىگە كېـ
لىشنى خۇدادىن تىلىگەنىدى. ئۇ قارلىغاچـ
قا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئېتىقاد قىلىدىـ
غانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن قانداق كۈن بولـ
سا ئۇلار بىلەن تەڭ كۆرۈپ، بىرگە ئۇـ
چۇپ يىراقلارغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ
قالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى.

خەلىچە كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ھاـ
ۋا ـ جاھان دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، چاقـ
ماقلار چېقىپ، ئاسمان گۈمبىزى ھېلىـلا
ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك، چاقماقلار ھېلىلا
يەر ـ زېمىننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك
ئىدى. تاغ جىرالىرىدىن يامراپ كېلىـ
ۋاتقان قىيان مەست يولۋاسلاردەك ھۆركىـ
رەپ ئارالنى ھېلىلا يۇتۇپ كېتىدىغاندەك
ھەيۋە قىلماقتا ئىدى. تۆت تامنىڭ ئىـ
چى ۋە سىرتىدىكى ھەممە نەرسە ھاياتـ
لىقتا خىرىس قىلىپ ئاغزىدىن ئوت چاچـ
رىتىپ، چىشلىرىدىن قان تامدۇرۇپ بېـ
سىپ كېلىۋاتقان غايەت زور مەخلۇقتەك
خەلىچەنىڭ يۈرىكىنى سىقاتتى. چاۋار
بوۋاي كۈندىكىدەكلا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتـ
كەن بولۇپ، يېقىمسىز خورەكلىرى بۇ

غېرىب كۆلبىدىگە سىرلىق تۈس بەرمەكتە
ئىدى. خەلىچە ئۆزىنى قاتتىق بىئارام
ھېس قىلغىلى تۇردى. ئۇ قارلىغاچلارنى
ئويلايتتى. ئىسسىق ئۆيىنىڭ ئۇ يەر بۇ
يەرلىرىدىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ ئاستا ئېرە
يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، مورا ئوـ
چاقنى سىلاشتۇرۇپ تاپتى. ئۇ كۈلگە كۆـ
مۈپ قويۇلغان قىپـقىزىل چوغ ئۈستىـ
گە چاۋار ئوتۇن تاشلاپ پۈۋلەپ ياندۇـ
رۇپ، ئۆي ئىچىنى يورۇتتى. خەلىچە ھېـ
لىلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇنچـ
تىن تىترەيتتى (خەلىچە مۇز ئارىلاش
ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ سۆـ
گەكتىن يىگىندەك ئۆتۈۋاتقان سۇ ئىچىـ
دە جان ئۈزۈۋاتقان چاغدىمۇ ئانچە قورـ
قۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىز ھېكايىنىڭ ئاـ
خىرىدا سۆزلەيمىز). خەلىچە ۋەھىمە ئىچىـ
دە ئۆتكەن يىلى شۇ ئاخشىمىنى كۆز ئالـ
دىغا كەلتۈردى. ئۇ چاغدىمۇ قارلىغاچلار
بۇ مەھەللىدىن ئۆتۈپ بولالماي تۇرۇپ،
كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى خەلىـ
چەلەرنىڭ بۇ تارغىنە قاراڭغۇ ئۆيىدە بىر
توپ قارلىغاچ تۈنىگەنىدى. لېكىن بۈگۈن
ئۆينىڭ ئىچىگە بىرمۇ قارلىغاچ كىرمىگەـ
نىدى. ئۇ ئاخىرى قارلىغاچلارنىڭ ئۆيىگە
كىرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ تاپـ
تى. بۇنداق بولۇشىغا ئۇ ئۆزى سەۋەبچى
بولۇپ قالغاچقا بەكلا ئازابلىناتتى. ئۇ
قاتتىق بىر خۇرسىنىپ ئۆينىڭ تورۇسىغا
قارىدى. كىچىككىنە تۈڭلۈككە تىقىپ قوـ
يۇلغان ئاق يانتاق ئۆيگە، خەلىچەگە كەلـ
گەن خاسىيەتنى قېرىشقاندەك توسۇپ تۇـ
راتتى. ئۆتكەن يىلى ئۇ تۈڭلۈكتىكى يانـ
تاقنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇنـ
داقتا قارلىغاچلار بۈگۈن ... دادام نېـ
مىشقا ...؟ ئۇ روجەكنىڭ ئالدىغا ئېتىلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىپ بېرىدىپ، ئاق يانتاقنى كۆچەپ تارتىۋەتتى. يامغۇر چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك ياغماقتا ئىدى. خەلچە ئۇزاق كۈتكەن بولسىمۇ قارلىغاچلار ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئىش قىلمىدى.

تاڭ ئاتتى — بىر ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. بىراق ... دەريادا سۇنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي دېگۈدەك قارلىغاچ جەسەتلىرى لەيلەپ ئاقماقتا ئىدى. دەريا ساھىلىدىكى قارلىغاچلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەتراپ قارىيىپ كەتكەنىدى. تۈن بويى توختىماي ياغقان يامغۇر ۋە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىدىن زېمىنگە پاتۇرۇپ قويۇلغان قاتتىق جىسىمدەك يېتىپ كېتىشكەن قارلىغاچ جەسەتلىرى كېسەلدەك سۇلغۇن، يىغىدەك مۇڭلۇق، ئۆلۈمدەك پاجىئەلىك ... سىرلىق بىر ناخشىنى ئاۋازسىز ئېيتماقتا ئىدى. خەلچەنىڭ روھى كەيپىياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان سىلكىنىش يۈز بەردى. كۆزلىرىدىن يۇم-يۇم ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. قېرى زېمىن ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئالدىدا ئەلەملىك سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. خەلچەنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ئۆزىنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان رەھىمسىز رېئاللىقتىن ئاللىقاچان ھالقىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ قارلىغاچلارنىڭ جەسەتلىرىنى كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى دەپنە قىلغاندەك يەرلىككە قويماقچى بولدى. ئۇ بېقىۋاتقان كالىلىرىنى، قويلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قارلىغاچلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېرىلغىلى تۇردى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا تۈكلىرى ئۆسكىلەك، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن يوغان تۇماق، ئۈچىسىدا ئۆچكە تېرىسىدىن تىۋىتنى سىرتىغا چىقىرىپ تىكىلگەن جىلىتكە، پۇشقىقى ئېگىز تورۇكالوك، تېرە ئىشتان كىيىۋالغان، يالاڭئاياق، چىرايى قاپقارا، ۋىجىك ھەم پەتەك بىر كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. گەۋدىسىگە پەقەتلا ياراشمىغان كىيىملىرى بەكلا چوڭ ھەم تاپانلىرى يېرىلىپ كەتكەن، قونپال پۇتلىرى ئۇنى تولىمۇ بەتبەشىرە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىر قاراشتا ئۇ خۇدانىڭ خۇشيا قىلماي يارىتىپ قويغان ھەجۋىي بەندىسىگە ئوخشايتتى. خۇدانىڭ ئۇنى يارىتىشتا مەلۇم بىر مەقسىتى بارمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ بىنورمال، سوقىچاق ۋە يوغان بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆز، بۇرۇن، ئېغىز ۋە قۇلاقلىرى بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقان بۇزۇق كىشىلەردەك بىر يەرگە توپلىنىۋېلىپ ئەسلى ئورۇنلىرىغا قايتىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. خەلچە ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى، لېكىن قاچمىدى. خەلچە ئۇنىڭدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا خۇددى ئۇ جىننى كۆرگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ، دادىسى خەلچەگە داۋاملىق جىنغا چېقىلمىساڭ ئۇ ساڭا ھەرگىز چېقىلمايدۇ، لېكىن بەزى جىنلار سېنىڭ دىلىڭغا ئىلىم سېلىش نىيىتىدە ئاللا تەرىپىدىن يېنىڭغا ئەۋەتىلگەن بولىدۇ، دەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلچە تۇغۇلۇپ شۇنچە يىلغىچە قورقۇنچلۇق، قېچىپ كەتمىسە بولمايدىغان ھادىسىگە دۇچ كېلىپ باقمىغان. شۇڭا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە قورقۇپ قېچىپ كېتىشتىن ئىبارەت نېرۋا پائالىيىتى يېتىلمىگەن. ئۇ بۇ يەردىكى قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈپ قالغان، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇۋاتقان بولسىمۇ جىنغا مەن چېقىلمىدىم، ئۇمۇ ماڭا چېقىلماس، دەپ قارلىغاچ

جەسەتلىرىنى تېرىۋەردى. خاتىرجەملىك
خەلچەگە ئىز دەپ تاپقىلى بولماس خىيا-
لىي نەرسىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ھېلىقى
غەلىتە ئادەم خەلچەگە يېقىنلاپ كەلگە-
لى تۇردى. خەلچە نېمە قىلىشىنى بى-
لەلمەي ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى.
بۇ ئېھتىمال تەپەككۇر سىستېمىسى نېرۋا
پاۋالىيىتى ئەڭ ئىپتىدائىي جانلىقلاردىمۇ
بولۇشقا تېگىشلىك تۇغما ئىقتىدار بولسا
كېرەك، قورققىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى.
ئۇنىڭ بىر قولى بوينىغا ئېسىلىق بۆزە
ھوشۇقىغا مەھكەم يېپىشقانىدى. ئۇ ۋار-
قىراشتىن توختىغىنىدا بىلەن لەۋلىرى بىر
يۇمۇلۇپ بىر ئېچىلاتتى. يىگىت ھەيران
بولدى بولغاي «نېمە بولدىڭىز؟ نېمىدىن
قورقىسىز؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئادەمغۇ»
دېدى خەلچە ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا. لېكىن
خەلچە ئۇنىڭ سۆزىگە تازا ئىشىنەلمىدى.
چۈنكى ئۇ بۇنداق ئادەمنى كۆرۈپ باقـ
مىغانىدى. ئۇ «مەن سىزگە ئوخشاش ئا-
دەم» دەيدۇ، قەيىرى ماڭا ئوخشايدىغاندۇ؟
ئۇنىڭ يا مېنىڭكىدەك كۆڭلىكى يوق، يا
مېنىڭكىدەك ئۇزۇن چېچى، يا كۆكرىكىدە
مېنىڭكىدەك ئەمچىكى بولمىسا... شۇ
تاپتا خەلچەنىڭ قارلىغاچلارنىڭكىدەك
قانىتى بولغان بولسا تاغنىڭ تىك چوققى-
لىرىدىكى ھەر قانداق نەرسە كۆرەلمەيدى-
غان، ئىز دەپمۇ تاپالمايدىغان قاراڭغۇ ئۆڭ-
كۈرلەرگە كىرىۋالغان بولاتتى. يىگىت خە-
لچەنىڭ چىرايىدىكى، ھەرىكىتىدىكى غە-
لىتە ئالامەتلەردىن ياۋايى قۇشلاردا بو-
لىدىغان ئۈركۈشتەك ئالاھىدىلىكنى كۆر-
گەندەك قىلاتتى. ئۇ خەلچەنى ئەقلىدىن
ئازغان ساراڭ خوتۇن بولسا كېرەك دەپ
ئويلىدى. خەلچەنىڭ بولۇق، قاپقارا
چاچلىرى، ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قال-
غۇدەك ئۇزۇن ئۇششاق ئۆرۈملەرگە بۆ-
لۈپ ئۆرۈلگەن بولۇپ، خۇددى جىنلار
مىنىدىغان جەڭ ئاتلىرىنىڭ ياللىرىغا ئوخـ
شىشىپ قالغانىدى. (تۇقاپىلىقلار ئات ياي-
لىسىنىڭ سان - ساناقسىز ئايرىلىپ، قىز-
لارنىڭ چېچىدەك ئۇششاق - ئۇششاق ئۆ-
رۈپ قويۇلىدىغانلىقىنى كۆرەرمىش؛ بۇن-
داق كۆرۈش ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەل-
مەسمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كوچىلار-
دا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلۈپ، جانلىقلارنىڭ
ھەممىسى ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندە جىنلار
توپ - توپ بولۇپ ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ،
ئات ئىزدەيدىكەن. ئۇلار يازاملىق ئارغى-
ماقلارنى تاللاپ يايلىسى ۋە قۇيرۇقىنى
ئۇششاق ئۆرۈۋېتىپ ئاندىن بىر - بىرى
بىلەن تاڭ ئاتقۇچە جەڭ قىلارمىش، شۇ-
ڭا يايلىسى تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ قالغان
ئاتلارنىڭ شۇ كۈنىدىن باشلاپ خېلى ئۇ-
زاققىچە كۈچ - ماغدۇرى بولماسمىش، ھەت-
تا بەزى ئاتلار بەك چارچاپ كەتكەچكە
يەم يېمەي، سۇ ئىچمەي ئۆلۈپ كېتەر-
مىش، شۇڭا ئېتى بار ھەر قانداق ئادەم
كەچتە ئاتلىرىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا
جىن - ئالۋاستىلارنى بەنت قىلىدىغان
ئايەتنى ئوقۇپ، ئاتنىڭ باش - ئايىغىغا،
ئوقۇرىغا، ئېغىلنىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىگە
سۈف - سۈف دەپ ھۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەت-
مىسە ئاتلار قورقىنىدىن خۇداغا نالە قى-
لىپ يىغلارمىش) ئۇ بېشىغا مايلىشىپ،
قارىداپ كەتكەن، جىيەكلىرىنىڭ تۈكلىرى
قالمىغان، كونا كەمچەت تۇمىقىنى سىڭا-
يان كىيىۋالغانىدى. ئەمدى يىگىتنى قور-
قۇنچ باسقىلى تۇردى. ئۇ جىنلار ئادەم-
لەرنىمۇ مىنىپ جەڭ قىلامدىغاندۇ، ئۇلار
نېمە تالىشىدىغاندۇ؟ دەيتتى ئىچىدە. يى-
گىت گويا قىزغا يېقىنلاشسىلا دەريانىڭ

قاپىنا ھلىرىغا، ئەتراپتىكى قىرى سۆگەتلەر-ىنىڭ، يۇلغۇنلارنىڭ ۋە چىغلىقلارنىڭ دال-دىلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان جىن ئالۋاستىلار تۇتۇۋېلىپ تىرىك ھالـەتـتـە قىپيالىڭاچ قىلىپ، ناھايىتى چوڭ ياغاچتىـن ياسال-غان ئاچىماق ئارىلىرىغا سانجىپ، چاراس-لاپ كۆيۈۋاتقان ئارچا ئـوتۇنىـدا كاۋاپ قىلىپ يەۋېتىدىغانىدەك ھېس قىلىپ ئار-قىسىغا چېكىنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىت توقايدىكى چوڭ ياشىق كىشىلەردىن دەر-يانىڭ بۇ قېتىدا يەكچەشمە دىـۋىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ئۇلار بىلـەن كـورەش قىلىپ، بۇ تەرەپكە قوغلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. يىگىتنىڭ ئارقىغـا چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەن خەلىچەنىڭ يـۈرىكى ئازراق ئىـزىغا چۈشتى بولغاي، قارلىغاچ جەسەتلىرىنى يەنە يىغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ھەسرەتلىك ئىسسىق ياشلىرى تـۆكۈلۈپ، قارلىغاچ جەسەتلىرىگە، سۆكۈتكـە پاتقان يەرنىڭ قاتلاملىرىغـا سىڭمەكتـە ئىـدى. دەريا ساھىلىنى بىر خىل قاباھەت، قىرى ئەرۋاھلارنىـڭ تىـرناقلىرىـدەك مەھكـەم قـامىۋالغانىدى. يىگىتنىڭ بۇ يەردىن كېـتىشكە كۆزى قىيمايتتى. قىزنىـڭ يېنىدا تۇرۇشقا تېخىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇ سالنى قارشى قىرغاققا چىقىرىپ تويغـان دەريا ئېقىنىنى كۆڭلىدە نەچچىنى قـاغىدى. ئۇ خەلىچەنى بىردەم جىنمىكىن دېسە، بىردەم كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان خىيـالنى ئىزبـ-رازمىكىن دەيتتى. ئارقىدىنلا بـۇ ناراش-لىرىدىـن يېنىۋالاتتـى ـ دە، بـەلكىم بۇ خەلقتە ئايال ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ خۇداسى بـولسـا كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتى. قارشى قىرغاقتىكى ئېشىـكى بىلەن ئالا بوينىقىغا ئۇنىڭدىـن ئۇ-

زاق ئۆمۈر تىلىمەكچى بولدى. شۇنداقتىـمۇ ئۇنىڭ قورقۇنچ باسقان روھىي دۇن-ياسىدا چۈشەندۈرۈپ بېرىش قىيىن بول-غان يات جىنسقا ئوتتەك ئىنتىلىش ھېسـ-ياتى يالقۇنلايتتـى. ئۇمۇ ئىختىيارسىـز قارلىغاچ جەسەتلىرىنى يىغىقلى تـۇردى. ئۇ خۇددى ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن جۆرىسى بىلەن تېپىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆ-مۈرلۈك ئىشلىرىغا قەدەم بېسىۋاتقانـدەك شېرىن خىياللارغا ئەسىر ئىدى. ئۇ بىر-دىنلا توختاپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ كىم ئۈ-چۈن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تاپالماي «ئىلاھە، پەرىكا ـ پـەرۋەردىگارا، ئەقلىمدىن ئازدىممۇ نېمە؟ نېمىلەرنى ئوي-لاپ كېتىپ بېرىۋاتقـاندىمـەن؟ مەندەك ئاسىي، گۇناھكار بەندەڭنىڭ قىلغان گۇ-ناھلىرىنى ئـەپـۇ قىلارسەن» دەپ قوياتـ-تى. يىگىت بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتـە ئىدى. ئۇلار ئۆلگەن قارلىغاچلارنى يىغىپ توگىتەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خەلىچە چارچىدى. ئۇ دۆۋىلەنگـەن قارلىغاچ جەـ-سەتلىرىنىڭ يېنىغا كېلىـپ ئـۇزاق سۈ-كۈتكە پاتتى. ئۇنىڭ ھۆر ـ ھۆر يىغلىغان ئاۋازى دەريا شارقىراتمىلىرىنىڭ ئىچىدە تولىمۇ زەئىپ ئاڭلانماقتا ئىدى. ئۇ نېـ-مىشقىدۇر دادىسىنىڭ «ئـادەم تـۇغۇلغان بىلەن ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ...» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى. توغرا، ھەممە نەر-سە تۇغۇلىدۇ، قېرىيدۇ ۋە ئۆلىدۇ. دېيتـ-تى ئۇ ئىچىدە. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قار-لىغاچلار باش ـ كۆزىنى قىرىلىق چىرمىغان، بەللىرى مۈكچىيىپ، ساقاللىرى ئاقارغان، كۆزلىرى تورلىشىپ مـاغدۇرىدىن كەتكەن بوۋايلاردەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئا-رالدىكى ئەرنى ئويلىـدى. ئـۇلارمۇ ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ خەلىچە بۇنـداق بولۇشنى كۆز

ئالدىنغا كەلتۈرۈشنى خالىمايتتى. شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزىگە بۇنداق غەلىتە سوئاللارنى قويۇپ باقمىغانىدى. ئۇ خىيال سۈرەتتى. توغرا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قېرىدى. ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، مەنچۇ؟ مەن بۇ يەردە ھوقۇشتەك يالغۇز قالارمەنمۇ؟ قورقماسمەنمۇ؟ ئالۋاستىلار مېنى بىزەك قىلماسمۇ دەپ ئەندىشىگە پاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەن كەلگۈسى توغرىسىدىكى خىياللىرىنى كۆز بىلەن كۆرۈش قىيىن بولغان كىچىك چېكىتتەك بىر نۇر يورۇتقاندەك بولدى. ئۇنىڭدا ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ ئۈمىدىنى تۈنجى قېتىم ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە سىرلىق بىر شېرىن سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ قارلىغاچ جەسەتلىرىنى يىغىۋاتقان يىگىتكە ئىختىيارسىز قاراپ قالدى. يىگىتنىڭ خۇرۇمدەك قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىنى، مەيدىلىرىنى، قورساقلىرىنى كۆرگەن خەلچە ئۇنى دادامنىڭ ساقىلىدەك چىرايلىق ئەمەس ئىكەن دەپ ئويلىدى-يۇ، يەنە تېزلا بۇ پىكىرىدىن يېنىۋالدى. بەلكىم قارلىغاچلارنى ئويلاپ قالدى بولغاي، چۈنكى قارلىغاچلارمۇ كىچىك ۋە قارا-دە! ئۇ بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئۆزى تەسەللى بەردى. ئۇ يىگىتكە سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ يىگىتنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن پەسكە ساڭگىلاپ كېرىلىپ تۇرغان قۇش قانىتىدەك نەرسىنى كۆرۈپ ئۇنى دادىسى داۋاملىق ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان پەرىشتە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ ئۇ نەرسىنىڭ قانات ئەمەس تېرە جىلىتكىنىڭ ئىككى پېشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەكلا كۆڭلى يېرىم بولدى. خەلچە ئۇ نەرسىنىڭ قانات بو-

لۇپ قېلىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغانىدى. خەلچەگە قاتتىق ئەلەم بولدى. ئۇ كۆڭلى پەرىشان ۋە ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە دەريا ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىققا يىراق بولمىغان بىر نەم يەرگە تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ قەبرە كولىغىلى تۇردى. يىگىتمۇ ئەمدى خەلچەنىڭ ئەقلىدىن ئازغان ئايال ئەمەسلىكىگە، ھايۋاناتلارنىڭمۇ تەگرىسى ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن تەپتارتىش ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ خەلچەنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئەجەبلىنەتتى. قارلىغاچلارنى نېمە ئۈچۈن يىغىدىغاندۇ؟ بۇ قارلىغاچلار نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەندۇ؟ ئۇ قارشى قىرغاقنى ئەسلىدى. ئۇ يەردە قارلىغاچلار بۇنچە كۆپ ئۆلۈپ كەتمىگەنىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ قارلىغاچلارنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئاتا-بوۋىلاردىن قېلىپ قالغان ھېسسىيات قوزغالماقتا ئىدى. ئۇ كېلىپ خەلچەگە ياردەملەشتى. خەلچە گويا يېنىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك پۈتۈن زېھنى بىلەن يەرنى كولاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قوللىرى ئۇستىگە تامغان ئىسسىق قان ئۇنى رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. تومۇرلىرىدا بىر يۈگۈرۈك ئىللىق سېزىم توختىماي ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ تۇتاش قىشتەك نۇرغۇنلىغان ئاي-يىللارنى بۇرۇختۇرۇملۇق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن قاتقان يۈرىكىنى ئېرىتمەكتە ئىدى، ئەسلىدە يىگىتنىڭ تىرنىقى خەلچەگە ياردەملىشىمەن دەپ تاشقا تېگىپ ئاجراپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قومۇرۇلۇپ كەتكەن تىرنىقىنىڭ ئىزىدىن تاراملاپ قان تۆكۈلەتتى.

قان! قان! قان! قانىنىڭ تىلى تاغلار

تۇسۇپ تۇرغان ئىككى قەلبنىمۇ بىر - بىرىگە رام قىلالايدۇ. ئۇنىڭ غالىب ناخشىلىرى خاسىيەتنىڭ باشلىنىش سىگنالى.

قارلىغاچ جەسەتلىرى ئۈچۈن كولىنىۋاتقان بۇ مۇمكىنسىز قەبرە ئۇلارنىڭ بىر جۈپ قەلبىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ھېسسىياتلىرىنى ئورتاقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. خەلىچە كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن، يۇڭدىن ئىنچىكە يىپ ئىگىرىپ توقۇلغان كۆڭلىكىنىڭ پېشىدىن ئازراق يىرتىۋېلىپ يىگىتنىڭ قان ئېقىۋاتقان بارمىقىنى تېڭىپ قويماقچى بولۇپ قول ئۇزاتقانىدى. بۇ ھەرىكەتتىن يىگىت قورقۇپ كەتتى. بۇنداق بولۇشىدىن ئەجەبلىنىشمۇ ھاجەتسىز. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇۋاتقان مېھرىبانلىقنى ئىشەنگۈسى ۋە تۇنجى ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئېقرار قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ خەلىچەنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئاداشقان، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان بىر خوتۇن ئىكەنلىكىگە قايتىدىن ھۆكۈم چىقارماقتا ئىدى. ئۇنى يەنە قورقۇنچ باستى. چۈنكى ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى بۇنداق يېقىنچىلىقتىن ئىبارەت مۇئامىلىگە ئۇچراپ باققان ئەمەس. توقايدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ نە ئۆلۈشى، نە تىرىلىشى بىلەن كارى يوق. ھېلىغۇ قولى زەخىملىنىپ، تىرنىقى چىقىپ كېتىدىكەن، بويىنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزۇشمايدۇ. ئۇ بۇ ناتونۇش، يېڭىلا ئۇچرىشىپ قالغان ئايالدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئەگەر بۇ ئايال مېنىڭ ئالدىمدا ماڭا ياخشىلىق قىلغاندەك بولۇۋېلىپ، پەيت كۈتۈپ گېلىمنى سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ قورقۇنچ، ئۆتكەك تەلپۈنۈش ئارىلىشىپ كەتكەن گادىرماچ خىياللار بىلەن ئامالسىز ئۇنىڭغا قولىنى بەردى. خەلىچەنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئۇنىڭ ئوتۇندەك قوللىرىغا تېگىشى بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئۆمۈرلىرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان لەززەتنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ كەتتى. خەلىچە يىگىتنىڭ قولىنى تېڭىپ قانىنى توختاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قوپال ھەم مايمۇنلارنىڭكىدەك غەلىتە ۋە قىزىقارلىق ئىدى. يىگىت خەلىچەنىڭ ئەقلى - ھوشىنىڭ ساقلىقىغا ئىككىنچى قېتىم ئىشەندى. ئىككىسى بىر - بىرىگە چوڭقۇر مەنىلىك قارىشىپ قويدى. ئۇلار كۆزلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە كۆڭۈللىرىدىكىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. خەلىچەنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقى يىگىتكە گاچا بولسا كېرەك دېگەن تۇيغۇنى بەردى. ئۇ ئىچىدە گاچا بولسا نېمە بوپتۇ دەپ ئويلايتتى. قىز ئۆزىنىڭ ھەرگىز يالغۇز قالمايدىغانلىقىنى، كەلگۈسىنىڭ ھەرگىز ئۆزى ئويلىغاندەك بەختسىز ۋە مەنىسىز ئۆتمەيدىغانلىقىنى، كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك خىرە ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك قارلىغاچ جەسەتلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، كولانغان قەبرىگە دەپنە قىلدى. ئەمدى ئۇلار بىرلىكتە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ھېچ ئىش قالمىغانىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن خوشلىشالماي ئىككى تەرەپكە ماڭدى. يىگىتنىڭ بىر نەرسە دېگۈسى كەلدى-يۇ، ئېيتىشقا پېتىنالماي قالدى. خەلىچە ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەن ماللىرىنىڭ يېنىغا، يىگىت دەريا قىرغىقىدىكى قېرى سۆگەتكە باغلاپ قويغان سال تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ

ئۇقماي بىراۋ بۇيرۇق بەرگەندەكلا كەينى تەرەپكە قاراشتى. ئۇلار شۇ سىياقتا خېلى ئۇزاق تۇرۇشۇپ قالدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش چالا قالغاندەك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى.

خەلىچەنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىر مەيدان جىددىي كۈرەش يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ يەردە دادام، ئاكام، ئاچام ۋە ھاممامدىن باشقا بۇنداق ئادەملەر بولمايتتى، ئۇ ئۆزىنى ئادەم دەۋاتىدۇ، بۇ قانداق ئىشتۇ؟ دەپ ئويلايتتى. بۇ كىشى بۇ يەردىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى. يىگىت ئۇنىڭغا ئىنتايىن زور ياردەم قىلدى: ئۇ ئۆمرىدە باشقىلارنىڭ بۇنداق ھالقىلىق پەيتتىكى ياردىمىگە ئۇچراپ باقمىغانىدى. ئۇ ئالدىدىكى يىگىتنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالدى. كىچىك چاغلىرىدا ھاممىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى خىزىرلارنى، پەرىشتىلەرنى ئەسلىدى. ئۇلارمۇ ئادەملەرگە ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ياردەم قولىنى سۇنۇپ مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قوياتتى. خەلىچە يىراقتا ئۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغان قارانچۇقتەك ۋىجىك گەۋدىگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان چىرايىدا كۈلكە ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. خەلىچە كۆپ ئويلاپ، ئۇنى ئادەم ئەمەس دېگەن قاراشقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشتىگە يولۇققانلىقىغا ئىشەنگىلى تۇردى. چۈنكى ئۇنى كۆرگەندىن تارتىپلا ئارىلىدىكى ھەر بىر تۈپ گىياھ، تاغ - دەريالار ... تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك، ئۆزى خۇددى يېنىكلەپ قالغاندەك ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى. خەلىچە پەرىشتىلەرنى تۇران ئانىدەك ئاپئاق، دانىشمەندەك ساقاللىق، ئاكىسىدەك يوغان ھەم قوپال، قوشقارنىڭكىدەك مۈڭگۈزى بار، ئېشەكنىڭكىدەك قۇلىقى بار، قارلىغاچنىڭكىدەك قانىتى بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئۇچراشقان پەرىشتە ئۆزى ئويلاپ كەلگەن پەرىشتىگە مۇتلەق ئوخشىمايتتى. خەلىچە پەرىشتىگە قاراپ ئۇزاق تۇردى. «پەرىشتە» بىرلا خەلىچەنىڭ بالدۇرراق كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى يامان يېرى كەچ كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇگۈن باشقا كۈنلەردىكىگە قارىغاندا تاشقىن ئېقىتىپ كەلگەن شاخ - شۇمبىلارنى ناھايىتى ئاز سۈزۈۋالغانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك كەلكۈن قىرىشقاندەك ئۇنى قارشى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. ئۇلار تېخى بىر - بىرىنى ئوبدان چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدى. يىگىتنىڭ يۈرىكىدىكى يېڭىلا پەيدا بولغان رومانتىك ھېسسىيات پەسلەپ قالغاندەك ئىدى. نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى. قىسقىسى، ئۇ بۇگۈن سۈزۈۋالغان ئوتۇن ياغاچلىرىنى دەريانىڭ سۈيى تارتىلغان بىر كۈنى تالالاپ ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى، بۇ يەردە قويۇپ كەتسە خەلىچەنىڭ كۆرۈپ قېلىپ ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ تاساددىپىي تەقدىر تەرىپىدىن قىلىنغان قوپال چاقچاق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ھۆرەككە پىلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

خەلىچە تارىلىپ كەتكەن مال پادىلىرىنى يىغىپ ئۆيىگە يولغا چىققۇچە كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئۇ خىيال سۈرگەچ ماللىرىنى ھەيدەپ قورۇپ كەتكەن يوغان بىر

توپ قاغاجىگدە يېپىنغا كەلگەندە جىگدە شاخلىرى ئاستىدىكى پاكار گەمە ئۆينىڭ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئىككى مۈشۈك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، مىياڭلىغانچە مال پادىسىنى ئۈركۈتۈۋەتتى. خەلچە قورقۇپ كەتتى. ئارىلىقلار ئادەتتە بۇ قېرى جىگدىدە جىن بار دەپ ئۇ يەرگە يېقىن يولىمايتتى. قاچانلاردا، كىملەرنىڭ بۇ ئۆينى سېلىۋالغانلىقىنى ھەتتا بۇ يەردە ئۆينىڭ بارلىقىنىمۇ خەلچە بىلمەيتتى. ئۇ گەمە ئۆيگە، ئۇنىڭ ھويلىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى جىگدىگە سەپ سېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە قارىدى. ئەمدىلا چۈشۈۋاتقان بۇ غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا قوۋزاقلىرى قۇرۇپ ساڭگىلاپ، شاخلىرى سۇنۇپ تەرەپ - تەرەپكە ئاجراپ، غوللىرىنى قۇرت يەپ كاۋاكچىلار پەيدا بولۇپ كەتكەن بۇ غېرىب جىگدە خۇددى جانغا زامىن بولۇشنى ئويلاپ ئەتراپقا قول سۇزۇۋاتقان ئەزرائىلدەك ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. خەلچە پۇت - قوللىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنىڭ سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ قورقۇنچتىن تىترەيتتى. ئۆزىگە يولۇققان پەرىشتىنى چاقىرماقچىمۇ بولاتتى. ئاھ پاناھسىزلىق، پەرىشتە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غايىب بولغانىدى. خەلچە بويىنغا ئېسىقلىق بۆرە ھوشۇقىدىن مەدەت تىلەپ، يۇمشاق مەيدىسىگە بوشقىنا بېسىپ قويدى. جىگدە شېخىدىكى ھوقۇش بۇ ئىشلارغا قاراپ خۇددى تاماشا كۆرگەندەك ئەنسىز ھۇۋلايتتى. مۈشۈكلەر يەنە بىر - بىرىنى قوغلاشقىنىچە گەمە ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەرگە خەلچە قورقۇنچ ئىچىدە قىزىقىپ قارايتتى. ئۇ ئىچىدە بۇ ئۆي ئاشۇ ئىككى مۈشۈكنىڭ ئۆيى بولسا كېرەك. ئۇلار قاچانلاردا بۇ يەرگە ئۆي سېلىۋالغاندۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ مۈشۈكلەرنىڭ ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ ئۆيگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىزنىڭ ئۆيىدىكىدەك تېرە يوتقان، كىگىز، يېيىپ ئىگىرىدىغان چاق، قازان-قومۇچ، قاچا-قۇچا قاتارلىقلار بارمىدۇ؟ ئۇلار نېمە يەيدىغاندۇ؟ سۈتنى ئۆزى پىشۇرۇپ ئىچەمدىغاندۇ؟ دېگەندەك خىياللارنى قىلاتتى. خەلچە بۇ ئىككى مۈشۈكنىڭ مال پادىسىنى ئۈركۈتۈۋېتىپ، ئەپۇ سوراپمۇ قويماي گەمە ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىدىن دىلى ئازار يېگەندەك بولدى. ئۇلار خەلچىگە بىرەر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىچۇ كاشكى! ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. نېمىشقىدۇر يەنە مۈشۈكلەرنىڭ يالغۇزلۇقىغا ئىچى ئاغرىدىغان بولسا كېرەك. «ئىككى مۈشۈك... ئىككى مۈشۈك ...» دېگىنىچە ئاستا-ئاستا بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتتى.

× ×

كۆك يانتاق چېچەكلىدى، خەلچەنىڭ كۈنلىرى بۇرۇنقى چاغلارغا قارىغاندا كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. ھاۋا بەك تىنجىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ھوزۇرلۇق بىلىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى قاپقارا پەرىشتىسىنى ئەسلەيتتى. يىراق قارلىق تاغلارغا مال پادىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن ئاكىسىنى، ئاكىسىنىڭ ئايالىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ مىسكىن قەلبى ئۆمرىدە تېخى ھېس قىلىپ باقمىغان قورقۇنچلۇق ئەمما شېرىن تۇيغۇغا غەرق بولغانىدى. تۇرانخاننىڭ دارىتىمبىلاپ قىلغان سۆزلىرى، دادىسىنىڭ ئالىيىپ قاراشلىرى

كۆڭلىنى بىئارام قىلاسا، ۋۇجۇدىدا پەيدا
بولغان ئاللىقانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭغا
پۈتمەس - تۈگمەس خاتىرجەملىك ۋە ئا-
زادىلىك بەخش ئېتەتتى. ئۇ ئەمدى كەچ
كىرگەن ھامان ئۆزىنى ئېرە يوتقانىنىڭ
ئۈستىگە تاشلاپ ئۇخلىۋالغۇسى كېلىپ
قالىدىغان، چۈشلىرىدە بولسىمۇ قارا پە-
رىشتە بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلى-
دىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاڭسىز ھالدا
ئۇزاق يىل ئىزدىگەن نەرسىسىنى تېپىۋال-
غاندەك ھاياجىنىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي-
تى. ئۇنى بىر كېچىسى قاتتىق قارا بې-
سىپ، يېرىم كېچىدە چىرقىراپ ئويغىنىپ
كەتتى. چۈشىدە ئۇنى ئېغىزلىرىدىن ئوت
بوراندەك ئۇچۇپ تۇرىدىغان، چىشلىرى
ۋە تىرناقلىرىدىن يىگۇناھ جانلىقلارنىڭ
ئىسسىق قېنى تېمىپ تۇرىدىغان غايەت
زور سېرىق ئەجدىھار قوغلىدى. بىر يەر-
لەردە، قەيەردۇر بىر يەرلەردە كېتىۋېتىپ
نەدىندۇر چىقىۋاتقان غەلىتە ئاۋازنى ئاڭ-
لىغاندەك بولدى. ئۇ دىققەت قىلدى. ئا-
ۋازنىڭ چىقىۋاتقان يېرىنى تاپالىمىدى.
ئۇ تازا تىڭشاپ باقتى. بۇ قارا پەرىش-
تىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئەتراپقا قارى-
دى. پاناھ ئىزدىدى. تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ
ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا تۇرغانلىقىنى بى-
لىپ خۇدىنى يوقاتتى. ئۇ چۈشىنى ھېچ
كىشىگە ئېيتمىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى تاغ
جىرالىرى، شۇملۇق يېغىپ تۇرغان قاراڭ-
غۇ ئۆڭكۈردەك تاغ چوققىلىرى دەھشەت-
لىك ئۆلۈم ئەلچىلىرىدەك تۇيغۇ بېرەتتى.
ئۇ بۆرە ھوشۇقىدىن ھەر مىنۇت، ھەر سې-
كۇنت ئايرىلمىدى. ئۆزىنىڭ سۇنغان كۆڭ-
لىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى. ئۆزىنى
ئۆزى قانچىلىك خاتىرجەم ۋە بەختلىك
ھېس قىلىشقا مەجبۇرلىغانسېرى شۇنچە سە-
راسىم ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم بولاتتى.
ئۇ، بۇ كۈنلەرنى ئويلاپ ھەسرەت چەكسە،
قارا پەرىشتىنى ئويلاپ ئۈمىدلىنەتتى.
ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچى-
دىن خۇشال بولسا پەرىشتىنىڭ تېخىچە
قايتىپ كەلمىگىنىنى ئويلاپ ئاسماندىن
تاشلىۋېتىلگەندەك بولۇپ قالاتتى. ھەر ھال-
دا ئۇنىڭ ئىككى قىزىنىڭ ھالىدىن خە-
ۋەر ئېلىپ تاپقان ساۋابلىرى بىكارغا
كەتمىگەندى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا
پەرىشتە يولۇقتى. ئەگەر ئۇ قايتىپ كەل-
سە ئائىلىسى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە
بەختلىك بولاتتى.

ياپراقلار سارغىيىشقا باشلىدى. بۇ كەنت-
نىڭ يەرلىك مېۋىلىك دەرىخى بولغان
قاغىجىگدىنىڭ قەھرىۋادەك مونچاقلىرى
ئادەمنىڭ گۈزەل شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى
قوزغايتتى. خەلچە ئورۇنۇپ تەكىي تۇ-
تۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈن-
دىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئورنىدىن تۇرال-
مايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى. چاۋار
بوۋاي بىلەن تۇرانخاننىڭ قىلمىغىنى قال-
مىدى ... كېسەللىي ياخشىلىنىپ تالا-تۈزگە
چىققۇدەك بولغاندا بۇ تاغلىق كەنتنىڭ
بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان
شىۋىرغانلىق كۈنلىرى قىستاپ قالغانىدى.

... خەلچە داۋاملىق بىر نەرسىنىڭ
قورسىقىدا تېپىچەكلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق
ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ غەلى-
تە نەرسە ھەر قېتىم تەۋرەنگەندە يۈرىكى
شۇرۇرىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ساماۋى
خىياللارغا چۆمەتتى. بۇ قارا پەرىشتىنىڭ
خاسىيىتى ئىدى.

خەلچە قارا پەرىشتە بىلەن مۇشۇگىنىڭ
ئۆيىدە بىرگە بولغان يامغۇرلۇق ئاخشام-
دىن تارتىپ ئۆز ھاياتىدا يېڭى بىر سە-

ھېچنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىلەلەيدى. چاۋار بوۋاي بىلەن تورانخان ئىنتايىن ئېرىككەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار خەلچەگە بىرەر ئېغىز مۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن خەلچەگە بولغان پۈتمەس-تۈگىمەس غەزەپ-نەپرەت ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر خەلچە ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈستىگە كىرىپ قالسا گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ جىم بولۇشۇۋالاتتى. خەلچەنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچلۇق گۇمان ئويغانماقتا ئىدى. «ئېھتىمال ئۇلار مېنى كۆرەلمەيۋاتقاندۇ، پەرىشتىگە يولۇققان ئادەملەرگە باشقىلار ھەسەت قىلسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى. بۇ ئامەتنىڭ دادىسىغا نېسىپ بولمىغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇلار ئەمدى خەلچەنى زەي پۇراپ تۇرغان قاراڭغۇ گەمە ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولۇۋېلىشتى. كۈنلەر خۇددى ئۇزاق ئەسىردەك تەسلىكتە ئۆتۈۋەردى، بىراق ... پەرىشتە تېخىچىلا قايتىپ كەلمىگەنىدى.

× ×

قارلىغاچلار دەپنە قىلىنىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار دەريا بويىدا يەنە ئۇچراشتى. قانىتى يوق پەرىشتىنىڭ كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك ئېچىرقاش، ئەرپىلەش قىيىن بولغان يالۋۇرۇش مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. خەلچە تېخىچىلا بىر ئېغىز گەپ قىلمىغانىدى. يىگىت ئۇنىڭ گاچا ياكى گاچا ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— سى... سىز... سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟— دېدى ئۇ كېكەچلەپ.

— خەلچە. — يىگىت ھەيران قالدى. خەلچەنىڭ ئاۋازى ياڭراق ھەم جاراڭلىق ئىدى. ياشىنىپ قالغان تاغلىقلار-نىڭكىدەك تەلەپپۇزدىكى بۇ جاۋاب يىگىتنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققانىدى. ئۇ بەكلا خۇشال بولدى. ئۇنىڭغا خۇدا ئىچى تارلىق قىلىپ شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ھەدىيە قىلغان بۇ ساھىپجامال گاچا بولۇپ چىقسا تولىمۇ كېلىشمەسلىك بولاتتى.

— بۇ يەرگە نېمىشقا كۈندە كېلىۋېرىسىز؟

— سىزنى ساقلايمەن.

يىگىتنىڭ كۆكسىدىن كىرگەن دەھشەتلىك تىترەك، ھۇجەيرە-ھۇجەيرىلىرىنى يېقىملىق ئاغرىتىپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. بىر-بىرى ھەققىدە خېلى كەڭ دائىرىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتى. يىگىت ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى سۆزلەپ، گەپ ئېشىكى، سۇ ئېشىكىگە كەلگەندە كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئېشىكى ھەر يىلى بىردىن تۇغۇپ بېرىدىغان تەخەينى سېتىپ، قولى پۇل كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ئالابويىنىقى خەلچەنى بەكلا قىزىقتۇردى. خەلچەنىڭ ئەگەر قانىتى بولغان بولسا ئىدى، دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كۈچۈكىنى قۇچاقلاپ سۆيگەن بولاتتى. يىگىت خەلچە بىلەن توي قىلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى، بىراق مەندە مال-چارۋا يوق دەيتتى ئىچىدە. ئۇ توي ئىشلىرىدىكى مۈشكۈلاتنى ئويلىسىلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كۆڭلى ئېلىشاتتى. يىگىت توقايدا تۇغۇلغان بولۇپ ئۈچ ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئانىسىدىن، يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى دادىسىدىن ئايرىلدى. ئۇنى كېيىن تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلدى. كېيىن

قولى قىسقا بۇ نامرات تاغىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىللە قايغۇردىغان، خۇشاللىقتا تەڭ شېرىك بولىدىغان بىرەرمۇ تۇغقىنى ياكى يېقىن ئاغىنىسى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يېقىنلىرى بار دېيىلسە جاپاكەش، ئورۇق ئېشىكى بىلەن چىرايلىق ئالا بويىنىقىدىن باشقىنى سانىيالمايمىز. ئۇ كېيىنكى كۈنلەرنى باشقىلارنىڭ ئېغىللىرىدا، قازاڭغۇ مەسچىتلەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەبرە گۈمبەزلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. مانا ئاشۇ دەرياغا تايىنىپ قىيان سۇلىرى ئېقىتىپ كەلگەن شاخ-شۇمبىلارنى سۈزۈپ، باشقىلارغا ئوتۇن تەييارلاپ بېرىپ سېرىقتال تۇرمۇش كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. توقايلىقلارنىڭ مال-چارۋىسى يوق كىشىلەرنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەي قىز بەرمەيدىغان ئاتالمىش ئادىتى ئۇنىڭ يېشى 45 لەردىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولالماي ئورۇندا-سوقۇندا بولۇپ يۈرۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە كۆڭلىدىكى گەپلەرنى، دىلىدىكى دەردلەرنى كېچىلەپ ئېشىكى بىلەن كۈچۈكىگە سۆزلەپ بېرىپ، سانسىز تۈنلەرنى ساناقسىز كۈندۈزلەرگە ئۇلاپ چىقتى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدىغان بىرەرمۇ مۇسۇلمان چىقمىدى. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇمۇ نۇرغۇنلىغان ئەركەكلەرگە ئوخشاش بىرەر ئەمگەكچان ئايالغا، ئوماقلىقىنە ئىككى-ئۈچ بالىغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. لېكىن ئارزۇلارنىڭ چېچەك ئېچىشى ئۇنداق ئاسان ئەمەس-تە! شۇڭا ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە جاپا چېكىپ ھاياتىغا تەۋەككۇل قىلىپ رەھىمسىز دەريا ئۆركەشلىرى بىلەن ئېقىپ كەلگىنى بىلەن باشقىلاردىن ئازراقمۇ مېھىر-شەپقەت كۆرەلمىگەنلىكىدىن بىئارام بولاتتى. ئۇ سۈزۈۋالغان شاخ-شۇمبىلارغا باشقىلار ئېشىپ-تېشىپ قالغان پارچە-پۇرات نان، كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كىيىم-كېچەكتىن باشقىنى بەرمەيتتى. قىسقىسى، ئۇنى توقايلىقلار ئاندي تېپىۋالغانىدى. ئۇ شۇنچە ئۇزاق يىل قادىر ئاللادىن ئېشىكىنىڭ مۇزاي تۇغۇپ بېرىشىنى، ئالا بويىنىقىنىڭ قوزا تۇغۇپ بېرىشىنى كېچىلىرى كىرپىك قاقماي يىغا بىلەن، كۈندۈزلىرى ئارام تاپماي ھايۋاندەك ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىمۇ تىلەپ قىلاتتى. ئۈمىدۋار بولۇپ نەچچە ئونيىللىنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئېشەك بىلەن كۈچۈككە بۇنداق خاسىيەت نېسىپ بولمىدى. ئىشلار ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئۇنى توقايدىكى كىچىك بالىلارمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇ، بۇ ئىشلار ھاركېلىپ دەريا بويىغا بېرىپ ئېشىكى بىلەن ئىتىغا ھال ئېيتىپ نارتۈگىدەك بوزلاپ، ئارسلاندەك ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتەتتى.

يىگىت خەلىچەنىڭ ئۆزىگە تۇتۇۋاتقان مۇئامىلىسىنى ئويلاپ قاتتىق تەسىرلەندى. خەلىچەمۇ يىگىتنىڭ ئۆتلۈك بېقىشلىرىدىن شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ بىھوش بولماقتا ئىدى. يىگىت ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى شاھزادىلەردەك يۈكسەك ھەم مەغرۇر ھېس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ خەلىچە بىلەن ئۇچراشقان كۈندىن تارتىپ ھېچكىم ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بۇ رەھىمسىز دەريادىن ھەر كۈنى ئۆتۈشكە تەۋەككۇل قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار داۋاملىق دەريا بويىدىكى قېرى سۆگەت يېنىدا ئۇچرىشاتتى. بىر-بىرىگە قېنىشماي بېقىشىپ

ئۇن - تىنسىز كۈننى كەچ قىلاتتى.

ئەتراپتىن جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ئىپاردەك خۇشبۇي ھىدى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى. ئورمانلار قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن بىلۈپ، دەريا بويىدا سوزۇلۇپ ياتقان چىڭگىتتەك ئارال ھۇپپىدە يېشىللىق ئىچىدە غايىب بولغانىدى. كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. ئۇلارنىڭ ئەمدى بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان خىلمۇ خىل قۇشلار تەرەپ - تەرەپلەرگە جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ، نىمە ئىشلارنىدۇر ئالدىراپ بېجىرمەكتە ئىدى.

كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ مۇز تاغ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار جەڭگە ئاتلانغان سانسىز دىۋىلەردەك بۇ قوشكېزەك مەھەللىنىڭ ئاسمىنىغا سۈرۈلمەكتە ئىدى. يىگىت ھېچنەرسىنى تۇيمايتتى. ئۇ خەلچەنىڭ ئىزىدا كۆيۈپ، شۇيىدە ئېقىپ نورمال ھېس - تۇيغۇسىدىن ئايرىلغانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تاغلىقلارغا خاس قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان. بىر جۈپ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى خەلچەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ كۆكرىكىدىكى يەتتە شەكلىدە يېرىتىلغان يېرىدىن ئۇنىڭ ئاپئاق بۇلۇتتەك ئەمچەكلىرىگە ئىچىرقاش بىلەن قاراپ، مىختەك قاتقانىدى. ئۇ بىردىنلا سەگەكلەشتى، چۈنكى ئۇنىڭغا خەلچە ئەچەبلىنىپ قاراۋاتقان ئىدى. ئۇ ئۈستىلىق ئىشلەتتى:

— خەلچە، سىز توي قىلغانمۇ؟

بۇ سوئال بەكلا كېچىكىپ سورالغاندەك قىلاتتى. خەلچە قۇرقۇنچلۇق بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغاندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال نىمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاكىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئا-

يالپىنى ئويلىدى. تىيىننىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۇنىڭ ئېڭىدا غۇۋا ئەكس ئەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى - دە، دەقىقىدە ئىچىدە غايىپ بولدى. ئۇ لەپپىدە پەيدا بولۇپ يوقالغان بۇ سېزىمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. لەپپىدە قىلىپ دەقىقە ئىچىدىلا ئۆتۈپ كەتكىنى بىلەن بۇ سېزىم ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئۇزاقراق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك تۇراتتى. خەلچە يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. يىگىت ئىختىيارسىز خەلچەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇلارنى ئاجايىپ بىر سېھىرى قۇدرەت، جانلىقلاردا ئەزەلدىن بار بولغان فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار ئاجايىپ يۇمشاق قاناتلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ قەيەرگىدۇر ئېلىپ كەتتى.

موشۇكنىڭ ئۆيى قاراڭغۇدەك قىلىسمۇ ئىسسىق ۋە راھەتتەك تۇيۇلاتتى. تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئازگالغا يىغىلماقتا ئىدى. چەللە قىلىپ ئاددىيلا يېپىپلىغان گەمە ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئۆمۈچۈكلەرنىڭ چىرت - چىرت ... قىلغان غەلىتە ئاۋازى گېلەتتى. ئۇلار ھەر ھالدا يامغۇردىن دالدا بولۇشقا پاناھ جاي تاپقانىدى. ئاچچىق زەي پۇراپ كەتكەن ئۆي ئىچى ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىدى. ئۆيدە خەلچە ئويلىغاندەك بىرەر پارچە كىگىز، تېرە يوتقان، قازان ۋە ياغاچتىن ياسالغان تەڭنە، چۆچەك ۋە ياغاچ تاۋاق دېگەندەك نەرسىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان قۇرۇق قامغاق، شىۋاق قاتارلىقلار ھېلىلا ئوت كېتىدىغاندەك قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن

تارىلىۋاتقان غەلىتە پۇراق ئادەمنىڭ دىمىقىنى غىدىقلايتتى. ئۇلار چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. خەلىچە يۇڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قوپال بەدىنى سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ توڭلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۆينىڭ ئۇنى ئىسسىتالىشى ناتايىندەك قىلاتتى. يىگىت بىر نەرسە ئېسىدىگە كەلگەندەك جىلىتكىسىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىكى چاقماقنى ئۈستىدىن سىلاپ باقتى. قارىغاندا ئۇ ھۆل بولۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدىكى چاۋار-چاتقاللارنى يىغىپ خەلىچەگە يېقىن بىر يەرگە توپلاپ چاقماقنى چىقىرىپ ئوت ياقتى. خەلىچە بۇ نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا چاقماقنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالدى. ئوت گۇركىرەپ كۆيگىلى تۇردى. ئۆينىڭ ئىچى بۇ قېتىم خېلىلا يورۇپ قالغانىدەك قىلسىمۇ ئۇنىڭ بولۇڭ-پۇشقاقلىرىدىكى نامرات تارىخ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنە بەش مىڭ يىلدىنمۇ يورۇقلۇق بېسىپ كىرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن يىگىت نېمىدۇر بىر ئىشلارنى قىلماقچى بولاتتى-يۇ، ئۆزلۈكىدىن ھودۇقۇپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئاخىرى قاتتىق ئىرادىگە كەلدى:

— كۆڭلىكىڭىزنى سېلىپ سىقىپ قۇرۇتۇۋېلىڭ، — دېدى مىڭ تەسلىكتە.

خەلىچە قارشىلىق بىلدۈرمەيلا كۆڭلەكىنى سالدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر ھەرىكىتىدىن، چىراي-قىياپىتىدىن ئازراق بولسىمۇ يېتىرقاش — تارتىنىش، خىجىللىق ئىپادىلەنمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن باشقا ھېچقانداق كىيىمى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئانىدىن تۇغما ھالەتتە كۆڭلەكىنى سىقىۋاتاتتى. ھەرىكەتلىرىدىن ئازراقمۇ ھودۇقۇش، تېڭىرقاش ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى.

يىگىت غالجىرلاشقىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۇزاق يىل باغلاقتا ياتقان، چاڭقاپ كەتكەن ھەسرەتلىك يۈرىكى كۆكرەك قەپەزىنى بۇزۇپ تاشلايدىغاندەك تېز-تېز سوقۇپ نەپەس يولى قىسىلماقتا ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قېلىۋاتاتتى. خەلىچەنىڭ چىرايى يەنىلا قاپقارا مېتالدىن ياسالغان ماشىنا ئادەمنىڭكىدەك ھېسسىياتسىز ھەم جانسىزدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار گۇركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. يىگىتنىڭ توسقۇنسىز غەيرىي ھېسسىياتلىرىدىن خىجىللىق ۋە نومۇس ئۈستۈن كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئاڭسىز، ھېسسىياتسىز ئوتتىن، جىمجىتلىقنى تۇرغان تۆت تامدىن، ئەتراپنى قاپسىلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتىن رەشك قىلادى بولغاي، تېزرەك جىلىتكىسىنى ئاۋايلاپ خەلىچەنىڭ مۈرىسىدىن يېپىنچا قىلىۋېتىپ قويدى. ئۇنىڭ كالتە، يەڭسىز بۇ كىيىمى خەلىچەنىڭ دۈمبىسىدىن باشقا جايلىرىنى ياپالمىغانىدى. لاپ ... لاپ ... ئاۋاز چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ شولىسى خەلىچەنىڭ غۇبارسىز يۇمشاق كۆكرەكلىرىدە، قورسىقىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە، ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ تۇرغان يوتىلىرىدا مەقسەتلىك ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەك بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ ئۇ جايلارنى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە غايىۋى سەنئەت دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. يىگىت ئۆزىمۇ ئۇقماي دېگۈدەك ئوتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ قالدى. ئۆي ئىچى خاسىيەتلىك تۇس ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان بولۇپ ئۇلار بىر - بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك يانمۇ - يان ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىنسانلارغا ئېسىپ بولۇش تولىمۇ قىيىن بولغان بۇ بەختكە ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشماقتا ئىدى. بەدەندىن بەدەنگە ئۆتۈۋاتقان ھارارەت يېقىملىق بىر كۈيدەك تومۇرلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئىككى يۈرەكنى بىر-بىرىگە چاتماقتا ئىدى. قىرىق يىلغا يېقىن مۇزلاپ ياتقان قىز قەلبى ئاخىرى ئېرىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئەمدى شۇنچە جەزبىلىنىشىپ ھەم مېھرىبانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يېرىم ئەسىردەك كۈتكەن دەقىقىلەر چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك سۇمرۇغدەك پەرۋاز قىلىپ خەلچەگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىنساندىكى تەبىئىي سۆيگۈ ئىقتىدارى كۆزدىن يىراق سەھرادىكى بۇ ئىككى ئىسسىق تەنگە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىلاھىي كۈچىنى نامايان قىلغىلى تۇردى. يىگىت ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانىدى. ئۇ خەلچەنىڭ چاچلىرىنى، مۈرىلىرىنى، كۆكرەكلىرىنى، قورساقلىرىنى، پۇتلىرىنى ئەسەبىيلەرچە سىلىغىلى تۇردى. خەلچە ئۇ ئويلىغاندەك چىرقىرىۋەتمىدى، قارشىلىقمۇ بىلدۈرمىدى، ئەكسىچە يىگىتكە ماسلىشىپ بېرىۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىزلىرى بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ بوشقىنە يېقىملىق ئىڭرايتتى. ئۇ ئۆزى ئويلاپ باقمىغان بەخت قوينىدا پۈتۈنلەي بىھوش بولغانىدى. يىگىت خەلچەگە يىرتقۇچ قۇشلار ئولجا تېپىۋالغاندەك ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ خەلچەنى ياۋايىلارچە، ئەسەبىيلەرچە سۆيگىلى تۇردى. ئۇلار نەپەس ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇلار بەدىنىنىڭ ئوخشى-

نىغان جايلىرىدا، روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولۇۋاتقان تاتلىق سېزىمدىن باشقا نەرسىلەرنى، دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. يىگىت خەلچەنىڭ بارغانچە بوشىشىپ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ پەلىكتەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى. ئۆمرىدە بۇگۈنكىدەك بەختنى پەقەت خەلچەدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ بېرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەكتە ئىدى. خەلچەنىڭ قاتتىق ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقى، سىلاش ۋە سۆيۈشلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەكلا خۇش يېقىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. يىگىتنىڭ ئوتتۇندەك قېتىپ كەتكەن قوللىرى خەلچەنىڭ بەدىنىدە ئانىسىنىڭ كىچىك چاغلىرىدا ئۆزىنى سۆيۈشلىرىدەك تاتلىق ھەم لەززەتلىك سېزىم پەيدا قىلاتتى ...

ئۇلار ئەسەبىيلەشتى. خەلچەنىڭ بۆرىگە يولۇققان تايچاقنىڭكىدەك ئازابلىق چىرقىرىشى دەھشەتلىك چاقماقنىڭ گۈلدۈرمامىلىرىغا، رەھىمسىز دەريانىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر بويى بىر مىنۇتمۇ توختاپ باقمىغان ئەلەملىك شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ غايىب بولدى.

يىگىت بىلەن خەلچە مۇشۇكىنىڭ ئۆيىدىن چىققانىدا ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئاشقانىدى. خەلچەنىڭ پۇت-قوللىدا جان يوق، بېشى قېيىپ، قەدەم ئېلىشىمۇ شۇنچە تەسكە توختاۋاتاتتى. پۇتلىرى ۋە بەللىرىنىڭ ئۆگە-ئۈگدىلىرى يېقىمسىز ئاغرىيتتى. خەلچە ئۇزاق بىھوشلۇقتىن ئەسلىگە كەلگەنىدى.

— مېنى نېمە قىلىپ قويدىڭىز؟ ئەمدى مەن قانداق بولىمەن؟ — دېدى خەلچە بوشقىنە.

— ھېچنېمە ... ھېچنېمە ... — ھودۇقتى يىگىت.

ئۇلار دەريا بويىغا كەلدى. قارلىغاچلار دەپنە قىلىنغان قەبرە تارقاپ كېتىۋاتقان ئاق بۇلۇت ئارقىسىدىكى تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا كېپەنلىككە ئورالغان مۇردىدەك ئېرىپ ھەم شۇنچە سولغۇن ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دەريادا يەنە سۇ كۆتۈرۈلۈپ تاشقىن باشلانغانىدى، يىگىت قارشى قىرغاقتىكى پاناھسىز قالغان ئالا بوينىقى بىلەن ئېشىكىنى ئويلايدى. ئېشەك بىلەن ئالا بويناق ئۇنىڭ بۇ رېئاللىقتىكى بار - يوق مال - دۇنياسى ئىدى. ھاۋا - جاھاننىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا يەنە كېچىچە جۇت بولۇپ ئۇششۇك چۈشىدىغاندەك ئىدى. ئۇ قايتىپ بېرىپ ئېشەك بىلەن كۈچۈكىنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىسا بولمايتتى.

— خەلىچە، ئىككىمىز توي قىلايلى. مەن سىزنى تولقايغا ئۆتكۈزۈپ كەتسەممۇ بولىدۇ پاكى بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، بۇ يەردە ئۆي تۇتساقمۇ مەيلى، ھازىر مەن بېرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزاي، — دېدى.

دەريا تاشقىنى قىرغاقتىكى قارلىغاچ قەبرىسى تەرەپكە يېيىلغىلى تۇردى. خەلىچە يىگىتنىڭ كېتىشىگە قوشۇلمىدى. ئۇ ئۆزى دەريانىڭ سۈيى تارتىلغاندا كېتىشكە كۆندۈرۈشكە شۇنچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ يىگىت قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت قېرى سۆگەتكە باغلاپ قويۇلغان سالنىڭ لەڭگىرىنى يېشىپ، ئەتىسى يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەھشەتلىك ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا يۈزىدە غايىب بولدى. خەلىچە بولسا يىگىت كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. تاش يۈرەكلىك بىلەن قىرغاقنى كېچە - كۈندۈز يالماپ ئېقىۋاتقان رەھىمسىز دەريا غايەت زور سېرىق ئەجدىھادەك ھاياجانلىقتا تەھدىت سالماقتا ئىدى. خەلىچەنىڭ دەريا بويىدا قانچىلىك تۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. پەرىشتە ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ماڭا ئۇقتۇرغان بولۇشى مۇمكىن ... مەن ھەقاچان ئۇنى ئاڭلىمايلا قالغانىدىمەن دەپ ئويلايتتى. دەريا شاۋقۇنلىرى ئىچىدە ئاڭلىنىۋاتقان كۈچۈكنىڭ قاۋاشلىرى، خەلىچەنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويىدى. ئۇ پەرىشتىنىڭ، ياق، پەرىشتە بىلەن خەلىچەنىڭ ئالا بوينىقى ئىدى. خەلىچە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئەگەر پەرىشتە ئالا بويناقنىڭ يېنىدا بولغان بولسا ئۇ بۇنچە قاۋىمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇنچ بىلەن ھەر تەرەپكە ئاغماقتا ئىدى.

قەيەردىندۇر تاغ توخۇسى بىلەن چۆل تورغىيىنىڭ سايرىغان ئاۋازى كەلدى. خەلىچە توختىماي خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى دەريانىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىغا قاراپ تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى. قارشى قىرغاقتىن ئالا بويناقنىڭ قاۋىغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

× ×

خەلىچە يىگىتنى ساقمۇ - ساق يەتتە ئاي كۈتتى. بىراق قارا پەرىشتىسى قايتىپ كەلمىدى. قارشى قىرغاقتىكى ئىتنىڭ قاۋاشلىرى توختىمايتتى. ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بىگۇناھ تۆرەلمىمۇ چوپچوڭلا بولۇپ قالدى. ئۇ يىگىتنى تولا كۈتۈپ ھاردى، چارچىدى، تاقەتسىزلەندى، كۆز نۇرىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئاخىرى پەرىشتىنىڭ قانىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى.

خەلچە ئەمدى ئاكىسىنىڭ ھايۋاننى تەپكەندەك تېپىنكلىرىدىگە، قاتىلنى سوتلىغاندەك كۆزلىرىدىگە قولىنى تىقىپ سوراققا تارتىشلىرىغا، ئاكىسىنىڭ ئايالىنىڭ خەلچەدىن پاھىشە خوتۇندىن سەسكەنگەندەك ھاقارەتلىنىك ئالىيىشلىرىغا، كەمسىتىشلىرىدىگە، تۇرانخاننىڭ دارىتمىلاپ قىلىدىغان سىپسىق گەپلىرىدىگە (دۇنيادا ئاجايىپ قىزىق ئىشلار بولىدۇ. تۇرانخاننىڭ بىزنىڭ قارا پەرىشتىنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئايرىلىپ كەتكەن ئانىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىمشى بىلمەيدۇ. ئەسلى قارا پەرىشتىنىڭ ئانىسى تۇرانخاننى دەرياغا ناھايىتى كۆپ تاشقىن كەلگەن بىر يىلى قىيان، ئېتىزدا ئوت ئېلىۋاتقان يەردىن ئېقىتىپ كېتىپ بۇ تەرەپتىكى قىرغاققا چىقىرىپ قويغانىدى، ئۇ چاغلاردا سۇ بەك كۆپ بولغاچقا دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى قېلىنىشىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. كېيىن تۇرانخاننى چاۋار بوۋاي ئىنىسىگە ياتلىق قىلىپ قويغانىدى. تۇرانخان دەسلەپكى چاغلاردا ئوغلىنى بەك سېغىنىپ، كۆپ ئويلاپ، يىغلاپ قاقشىغان بولسىمۇ لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى)، دادىسىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاندەك تەھدىت سېلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

خەلچە يېرىم كېچە بولغاندا دادىسىغا تۈيدۈرماي، كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە ئاخىرقى بىر قېتىم قاراپ قويدى-دە، ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ دەريا بويىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

خەلچەنى تولا ئىزدەپ ھالى قالمىغان چىرايلىرى كۆكەرگەن تۆت گەۋدە پۇشايمان بىلەن دەريا سۈيىگە تەلمۈرۈپ ھەيكەلدەك جىم تۇراتتى ...

× ×

بۇ دەريا تارىختىن بۇيان شۇنداق ئېقىپ كەلگەن، قارلىغاچلارمۇ يەنە شۇ ئېقىننى بويلاپ ھەر تەرەپكە كۆچۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ... لېكىن ...!



كۈرەشجان ئۆمەر 1965 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1987 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرجىمە - تەھرىر كومىتېتىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. 1963 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە «تارىم»، «تەڭرىتاغ» «شىنجاڭ ياشلىرى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرناللىرى، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا 150 پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان، 1990 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ «سۆيگۈ» تېمىسىدىكى شېئىر مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلانغان. ئاپتور «قارا پەرىشتە» ھېكايىسىدە ئىنسان خاراكتېرىنى ئۆزگىچە مۇھىت ئارقىلىق چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.



# تەقدىر

## (ھېكايە)



نىجات مۇخلىس

ئالىم بىلەن تۇرسۇنئاي دەسلەپتە بىر-بىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈشكەن، بىردەم كۆرۈشمىسە چىدىيالمايدىغان ئاشىق-مەشۇقلاردىن ئىدى. لېكىن توي قىلىپ كۆپ ئۆتمەيلا، ئۇلارنىڭ كېچە-كۈندۈز بىر-بىرىگە ئىنتىلىپ يۈرۈشكەن بۇنداق يېقىملىق مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۈچۈن ھەممە نەرسە باشقىچە — ئىلگىرىكى مۇھەببەت، ئۈمىد ۋە ئىنتىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ باراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغان بىرەر ئاساسنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ قېلىشقانىدى...

ئالىم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ئىدى. بوش ۋاقىتلىرىنى ماتېرىيال كۆرۈش، دەرس تەييارلاش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئويۇن-تاماشاغا زادىلا قىزىقمايتتى.

لېكىن يېقىندىن بۇيان ئالىم ئۆيگە مەست كېلىدىغان، كەلگەندىمۇ يېرىم كېچىدە ھەتتا تاڭغا يېقىن كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇگۈن تۇرسۇنئاي كەچلىك كۇرستىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆيدە ئالىم يوق ئىدى. تۇرسۇنئاي گاز ئوچاقتا چۆگۈننى قويۇپ قويدى-دە، يېڭىلا ئۆگەنگەن ئىنگلىزچە دەرسلىك كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن دەرسلىك ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمىدى. ئالىمنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكى ئۇنى ئويغا سالدى. «تۇۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ يېقىندىن بۇيان ئالىم ماڭا دوق قىلىدىغان، ئۆيگە كىرگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ ئالىمنى مەن ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، ئويۇن-تاماشالارغا بېرىلمەيدۇ. ھاراقنى ئەسلا ئىچمەيدۇ. لېكىن ئۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۆيگە كۈندە دېگۈدەك مەست كېلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭغا نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟ مەندىن رەنجىپ قالدىمۇ-يا. ياق، ئۇ مەندىن ھەرگىزمۇ رەنجىمەيدۇ. چۈنكى مەن ئالىمنى رەنجىتكۈدەك ئىش قىلمىدىم. ئۇنداق بولسا زادى نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ باشقا بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟...»

تۇرسۇنئاي ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. تۇرسۇنئاي ئالىم كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئالىم ئەمەس، قوشنىسى چولپان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— چىرايلىق چوكان، ئۆيگە تەكلىپ قىلماي ھاڭۋېقىپ تۇرىسىزغۇ؟ بىمەنە ۋاقىتتا كېلىپ قالدىمۇ-نېمە؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە تۇرسۇنئاينىڭ تەكلىپىسىزلا ئۆيگە قەدەم قويدى.

تۇرسۇنئاي چولپاننى ئولتۇرۇشقا تەك-

لىپ قىلدى.

چولپان دىۋاندا ئولتۇرۇپ، بۇرنىنى ئۇياق-بۇياققا سوزۇپ نېمىنىدۇر پۇراشقا باشلىدى.

— ئاداش، ئۆيدە گازنىڭ پۇرىقى بارمۇ-نېمە؟

تۇرسۇنئاي شۇ چاغدىلا گاز ئوچاقتا چۆگۈننى قويغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يۈگۈرگىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئاشخانا ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى.

— چىرايلىق چوكان، ئالىمنى خىيال قىلىۋېرىپ ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ يەنە. مەن كىرمىگەن بولسام ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاتتىكىن-تاڭ. ئەر خەق دېگەننى تولا ئويلىمىغۇلۇق. ئۇ خەقنىڭ تولا بەك «ۋاي» دەپ قويسا ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىۋالغىلى ئارانلا تۇرىدۇ. مەنغۇ ئوقۇمىغان. لېكىن ئۇ جەھەتتىكى بىلىمىمچۇ، سىزدەك ئوقۇغان چوكانلاردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق. بەزى ئەخمەق چوكانلار ئەتىدىن كەچكىچە ئېرىنىڭ ئۆزىگە ساداقەتمەن بولۇشىنى تىلىشىپ كېتىشىدىكەن. ئەرلىرى تانسىخانىلاردا - قەھۋەخانىلاردا قاش-كۆزىنى بويىشىۋالغان نازىنىنلارنىڭ بەللىرىنى تۇتۇشۇپ، ئۇلارغا رودىپايدەك چاپلىشىپ تانسا ئويناپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن خەۋىرى يوق. يېمىگەننى ئەرلىرىگە يېگۈزۈپ ئاۋارە بولۇپ كېتىشىدىكەن. ئەرلەرچۇ، ھەرقانچە ياۋاش، بىلگىنىنى بىلمەنمۇ مۈڭگۈزى ئىچىدە. ئالىمغۇ ياۋاش، ھەرگىز ئۇنداق شاللاق ئەرلەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ...

— نېمە، ئالىم توغرۇلۇق بىرەر گەپ-

سۆز ئاڭلىمىغان ئوخشىماسسىز؟ — تۇرسۇنئاي جىددىيلىشىپ سورىدى.

— ياقەي، مۇنداقچىلا دەۋاتىمەن. ئاڭلىسام ئالىمنى يېقىندىن بويان ئۆيگە مەست كېلىدىغان بولۇۋالدى دېيىشىدۇ-نىمە؟ ئالىم ھاراق ئىچمەيتتى-ھە؟ تووا، نىمىگە ئۇنداق ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋالغاندۇ؟ ئاڭلىسام دەردى ئىچىدىگە پاتمىغان ئەرلەر ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچىشەرمىش.

چولپان «دەردى ئىچىگە پاتمىغان ئەرلەر» دېگەن گەپنى ئاتايىتەن سوزۇپ ئېيتتى.

— چولپان، نىمىلەرنى دەيدىغانسىز. مەن ئالىمنى ئوبدان چۈشىنىمەن. بىز توي قىلغان يىلىم يىلىدىن بويان سەن-پەن دېيىشىپ باقمىدۇق. پەقەت بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەت-ئىززەت قىلىشىپلا كېلىۋاتىمىز. سىز «ئالىم ئۆيگە مەست كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز. ئۇنداق ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس!

تۇرسۇنئاي «مەۋجۇت ئەمەس» دەپ يالغان سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن خىجالەتچىلىكتە ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى تۇرسۇنئاينىڭ يالغان سۆزلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

چولپان تۇرسۇنئاينىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش، جىددىيلىشىشتىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئانچە خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. چولپان ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى ئۇزارتىۋېرىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيگە كىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

— چىرايلىق چوكان، ئۆيىڭىزدە شۇنچە كۆپ ئولتۇرسام بىر پىيالە چايمۇ قۇيماي دېمىدىڭىز. مىجەزىڭىز يوقمۇ-يا؟ ئۆزىڭىز بىلمىسىز، بىزدەك تۇل چوكانلار ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسەك زېرىكىپ قالىدىكەنمىز. شۇڭا سىزنىڭ ئامانىتىڭىزنى بەرگەچ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دەپ كىردىم. ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم، رەنجىمەسسىز. لېكىن ئامانەتنى ئالغاندىن كېيىن چوقۇم مېنىڭدىن خۇشال بولىسىز.

چولپان قولىياغلىقىغا ئوردۇالغان بىر پارچە خەتنى تۇرسۇنئايغا بېرىپ ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى.

تۇرسۇنئاي دەرھال كونۋېرتتىكى ئادرېسقا قاراپ ئۆلگۈردى. خەت تۇرسۇنئاينىڭ چەت ناھىيىدىكى ئانىسىدىن كەلگەن بولۇپ، تۇرسۇنئاينى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ بىر قانچە ئايدىن بويان ئانىسىدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالمىغانىدى. تۇرسۇنئاي دىۋانغا ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەتتە سىڭلىسى ئاينۇرنىڭ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، ئانىسىنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكى قاتارلىقلار يېزىلغانىدى.

تۇرسۇنئاي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ھازىرقى كۆڭۈلسىزلىك — سىڭلىسىنىڭ تەقدىرى، بولۇپمۇ بىچارە ئانىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇرسۇنئاينىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتتى...

تۇرسۇنئاينىڭ دادىسى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىمي مۇدىرى بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تۈرمىگە تاشلىنىپ، زىيانكەشلىك تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا تۇرسۇنئاي ئۈچ-تۆت ياشلاردا، سىڭلىسى تېخى قوساقتا ئىدى. شۇندىن

كېيىن ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان بىچارە ئانىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. بىچارە ئانا بىر جۈپ قىزىنى ساق-سالامەت قاتارغا قېتىش ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقلىرىغا چىدىدى، كېيىن تۇرسۇنئايىنىڭ دادىسى ئاقلاندى. بىچارە ئانىسىنىڭ نۇرسىزلانغان كۆزى شادلىق يېشىغا تولدى. تۇرسۇنئاي ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا ئانىسى چېچىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، رەھىمسىز تەقدىر دادىڭىزنى ۋاقىتسىز بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. سىز مەرھۇم دادىڭىزنىڭ روھىنى خۇش بولسۇن دېسىڭىز، ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە مائارىپچى بولۇڭ. مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇ، — دېگەنىدى. تۇرسۇنئاي ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئۈرۈمچىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى...

تۇرسۇنئاي خەتنى ئوقۇغىنىچە ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ سالدى. ئۇ يىغلاشقا ھەقلىق ئىدى. چۈنكى بۇ شەھەردە ئۇنىڭ بىرمۇ تۇغقىنى يوق ئىدى. ئالىم ئۇنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى. بىراق ئالىم يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ھال تۇرسۇنئاينى قىينايتتى. ئۇ بايىلا چولپاننىڭ ئالىم ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنى، ئالىمنىڭ سىنچى كۆزلىرىنى ئۆزىگە پات-پات تىكىپ، يەر ئاستىدىن قاراشلىرىنى ئويلىغىنىدا ئالىمدا چوقۇم بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى...

شۇ كۈنى شەنبە بولغاچقا ئالىم ئىش-تىن چۈشۈپلا بىر قانچە بويتاق خىزمەتداشلىرى بىلەن رېستورانغا كىردى، بۈگۈن ئالىمنىڭ مەردلىكى، شوخلۇقى تۇتقان كۈن. ئۇ باشقىلار ئېغىز ئاچقۇچە كۈتكۈچى قىزغا بىر قانچە تەخسە سوغۇق سەي، كۆۋاس، كافېي ۋە ئىككى بوتۇلكىنى ئالىي ھاراق بۇيرۇتتى. ھەش-پەش دېگۈچە كىچىك ئۈستەل ئۈستى بۇيرۇتۇلغان نەرسىلەر بىلەن تولدى. ئالىم بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ رومكىلارغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيغانىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رومكىسىغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ، خۇددى رومكىنىمۇ قوشۇپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك «گۈپپىدە» قىلىپ ئاغزىغا ئاتتى. خىزمەتداشلىرى ئالىمدىكى بۇ «يېڭىلىق»قا ھەيران قېلىشتى. ئۇلار ئالىمنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. ئالىم ئۈچىنچى رومكا ھاراقنى ئاغزىغا ئاتماقچى بولغانىدا، ھەسەن ئىسىملىك سېمىزگىنە كەلگەن خىزمەتدىشى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى:

— ئالىم، ھاراق دېگەننىچۇ قورساقنى توقلاپ ئاندىن ئىچىدىغان نەرسە. بۇنداق ئىچسەڭ ھېلىلا بۇنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ قالىسەن جۇمۇ! — دېدى-دە، ئۇنىڭ قولىدىن رومكىنى ئېلىۋالدى.

— ئاداش، بۇنداق ئىچىدىغانغا نېمە سەۋەب بولدى؟ ئۆيدىن كۆڭلۈڭ سۇ ئىچمەيۋاتامدۇ-يە!

— ئۆيدىن سۇ ئىچمىگەچكە رېستوراندىن قانغۇچە سۇ ئىچىۋالاي دەۋاتىدۇ-دە!

— قۇرۇق ئىچىۋېرىپ رېستوراندا رەسۋاچىلىقتا قالما-يەنە!

ئۇلارنىڭ كەينى-كەينىدىن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، ئالىمنى ھاراقتىن ئازراق ئىچىشكە دەۋەت قىلىشلىرى ئۇنىڭغا

غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ تۇرسۇنئاي ئۈستى-
دىكى پىتنە-پاسات ئىلىرىدىن بولارنىڭمۇ
خەۋىرى بار دەك بىلىنىپ كەتتى. ئەمدى-
لىكتە بىئايىتىن ئاچ قورساق ئىچكەن
هاراق ئالىمنى قىزىتىشقا باشلىدى.

— ئاغىنىلەر، «يىگىتنى نومۇس ئۆلتۈ-
رەر، تىۋىشقاننى قىرمۇش» دېگەنىدەك،
مېنى نومۇس ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، — نومۇس
دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ئۇ.

خىزمەتداشلىرى ئالىمنى ئوبدان چۈ-
شىنەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى،
باشقىلار بىلەن ئىجىل-ئىناقلىقى، خىز-
مەتتىكى ئۆزىگە بولغان تەلەپچانلىقى،
كەسپىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ئۇلاردا
ياخشى تەسىر پەيدا قىلغانىدى. لېكىن
يېقىندىن بۇيانقى ئۇنىڭ ئىچىملىككە
بېرىلىش، خىزمەتتىكى بوشىشىش، يوقى-
لاڭ ئىشلارغا چېچىلىشقا ئوخشاش ئادەت-
لەر ئۇلارنى هەيران قالدۇرغانىدى. شۇڭا
خىزمەتداشلىرى ئالىم بىلەن سىردىشىش
ئارقىلىق ئۇنىڭ «سىرى» نى بىلىپ
باقماقچى بولۇشقانىدى. شۇ سەۋەبلىك
ئۇلار بۈگۈن بۇ رېستورانغا كىرىپ ئول-
تۇرۇشقانىدى.

— ئالىم ئاداش، بىز بىر-بىرىمىزنى
ئوبدان چۈشىنىدىغان خىزمەتداشلاردىن
ۋە ئاغىنىلەردىنمىز. شۇڭا هەر قانداق
سۆزىمىز بولسا يوشۇرماسلىقىمىز لازىم.
توغرا، ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا دەيدىغان
سىرىمۇ بولىدۇ، دېمەيدىغان سىرىمۇ
بولىدۇ. باياسەن «مېنى نومۇس ئۆلتۈ-
رۈۋاتىدۇ» دېدىڭ. بۇنىڭ سىرىنى بى-
لىشكە بولامدىكەن؟ — دېدى ياپما قاپاق،
ئورۇق، ئېگىزگىنە كەلگەن سۇلتان ئىسمى-
لىك بىر خىزمەتدىشى.

— هەي، يامان سوراپ قالدىڭ. ئەس-
لىدە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋې-
رەي دېگەنىدىم. بىراق دەردىمنى ئىچىمگە
يۇتكەنسېرى دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇ-
لۇپ يۈرىكىم ئازابلىنىۋاتىدۇ. سىلەر
تېخى ئۇيالىنمىغان. دەردىمنى چۈشەنمەي-
سىلەر. راستىمنى ئېيتسام، تۇرسۇنئاي
ۋاپاسىز چىقىپ قالدى. شۇڭا مەن...—
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— هوي ئاداش، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟
مەست بولۇپ ئەقلىڭدىن ئازمىغانسەن؟
تۇرسۇنئاينى ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ دېسە
كىم ئىشىنىدۇ؟ — دېدى كەڭ پېشانىلىك،
يۇمىلاق يۈزلۈك، كەڭ قىلىپ بۇرۇت
قويۇۋالغان ساتتار ئىسىملىك بىر دوستى.

— مەن ئىشەنمەيتتىم. بىراق ئۇنىڭ
يات ئەركەكلەر بىلەن كېچىدە قولتۇق-
لىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنلەر بار.

— كىم كۆرۈپتۇ؟

— چولپان.

— چولپان؟ قايسى چولپان ئۇ؟

— بىزنىڭ قوشنىمىزچۇ.

— قانداق چاغدا، كىم بىلەن كۆرۈپتۇ؟

ئالىم مەهەللىدىكى خوتۇنلارنىڭ تۇر-
سۇنئاي توغرىسىدىكى سۆز-چۆچەكلىرىنى،
چولپاننىڭ ئۆتكەن نۆۋەت ئالىمنىڭ ئا-
لدىنى توسۇۋېلىپ ئايالى هەققىدە بىر
مۇنچە ۋالاقلىغانلىقىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ
بېرىپ، ئۆپكىدەك ئىزىرىپ كەتتى.
دوستلىرىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي كەينى-
كەينىدىن يەنە ئىككى رومكا قېقىۋەتتى.

ئالىمنىڭ ئاراققا بېرىلىشى تۇرسۇن-
ئايغا ئاچچىقلىنىشتىن بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن ئۇنىڭغا چىدىمايۋاتقانلىقىدىنمۇ
ئىدى. تۇرسۇنئاينىڭ قاپقارا بىر جۈپ
چوڭ كۆزى، ئەۋرىشىمدەك بەللىرى،
ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى تال

تۇم ئۆردەمە چېچى، ئىنايىتەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، تولغان ساغرىسى، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرىدىغان كۆكسى ھەر قانداق ئەركەكنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ گويا كى نۇر بىلەن رەڭدىن يارالغاندەكلا گۈزەل ئىدى. چولپاننىڭ ھە دېگەندىلا ئۇنى «چىرايلىق چوكان» دەپ ئاتىشىمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغانىدى.

— ئالىم، — دېدى ھەسەن سۆز ئېچىپ، — سەن شۇنچە چېچەن، ئەقىللىق تۇرۇپ چولپاننىڭ يېقىملىق سۆزلىرىگە ئىشەنگىنىڭ ياخشى بولماپتۇ. تۇرمۇش دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش. بۇنىڭغا يەڭگىللىك قىلىنىشقا بولمايدۇ. ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە ئىشىنىشى لازىم. مېنىڭچە تۇرسۇنئاي ئەدەب-ئەخلاقلىق قىز. توغرا، جەمئىيەتتە ياشىغان ئىكەنمىز ھەممىمىز سۆز-چۆچەكتىن خالىي بولالمايمىز. خالىي بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. گەپ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا. چولپاننىڭ قانداق چوكان ئىكەنلىكىنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەنغۇ؟ بۇ دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان ھەسەتخور. دانالار: دۇنيادا ھەسەتخورنىڭ يۈكى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بىچارە بەختلىك ئائىلەرنى كۆرەلمەي ھەسەتخورلۇقتىن كېلىدىغان قايغۇ-ئەلەمنىڭ ھەممە يۈكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ يۈرىدۇ، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

— بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، — ئالىم سۆزنىڭ بېشىغا تەپتى، — زادى مەن يامان، مەن ئەيىبلىك بولدىممۇ؟ مەن بۇ سىرنى خۇددى پاختا ئارىسىدا ئوت ساقلىغاندەك ساقلىماقچى ئىدىم. بىراق ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى مەن باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش خوتۇنىنى كۈنلىمەيدىغانلاردىن ئەمەس... تۇرسۇنئاي بۇنىڭغا چىدىسا مەن بىلەن ئۆي تۇتىدۇ. بولمىسا...

ئالىم شۇنداق دېگىنىچە رېستوراندىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ھەرقانداق سۆز كار قىلمايتتى. چۈنكى ئالىمنىڭ بىردىنبىر نۇقسانى ئەنە شۇ قارىغۇ كۈندەشلىك ئىدى.

ئالىم رېستوراندىن دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ چوڭ يولغا چۈشتى. ئۇ بىر ئۇياققا، بىر بۇ ياققا سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقىنىدا، يان كوچىدىن تۇيۇقسىز چىققان بىر ماشىنا چىدىدى تورمۇز قىلغان بولسىمۇ، ئالىمغا ئۇرۇلۇپ كەتتى. ئالىمنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىزلەپ چىققىنىدا ئۇ ھوشسىز ھالدا يەردە ياتاتتى. ئۇلار شوپۇر بىلەن بىللە تاكسىدىن بىرنى تۇتۇپ، ئالىمنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

... تۇرسۇنئاي بالنىستقا كىرىپ كەلگىنىدە، ئالىم سول پۇتى گىپىسلانغان ھالدا كارىۋاتتا يەڭگىل خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ بىر كېچىنى ئىڭراش، زارلاش بىلەن ئۆتكۈزگەچكە، تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تۇرسۇنئاي كارىۋات يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىچە ئويغا پاتتى: ئۇ باشقا يىگىت-قىزلارغا ئوخشاش تالاي-تالاي گۈزەل ئايدىڭ كېچىلەرنى پىچىرلىشىش، ئىسسىق لەۋنى لەۋگە يېقىش، ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن؛ بىر-بىرىگە ئۆمۈرلۈك يار-يۆلەك بولۇپ ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىشكەن؛ ئاخىرى مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىشىپ توي قىلىشقان. لېكىن كۆپ ئۆتمەي چولپانغا ئوخشاش ھەسەتخورلارنىڭ ئارىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى

چېچەكلىرى بىلەن بۇ ئورۇق كۆكلەپ، بارغانسېرى تەرەپ-تەرەپكە شاخ چىقىرىشقا باشلىغان. تۇرسۇنئاي بۇ ھارام شاخلارنى كېسىۋېتىش ھەتتا يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ قارىغۇ كۈندەشلىكى ئالدىدا بۇلارنىڭ ھېچقايسى ئۈنۈم بەرمىگەن. تۇرسۇنئاينىڭ ھېلىمۇ يادىدا: بىر كۈنى ئۇ ئاپىسىغا ھېلىقى كېچىسى ئۆزى بىلەن بىللە ماڭغان ئەر كىشىنىڭ باشقا بىرسى بولماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچىسى ئېلشات ئىكەنلىكىنى، گۇمانلىنىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ئاپىسىدىن بىر تەستەك يېگەنىدى. ھەتتا ئاپىسى «بۇندىن كېيىن باشقا ئەركەكلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلساڭ خېتىڭنى ئال!» دەپمۇ ئېيتقانىدى. شۇندىن باشلاپ ئاپىسى ھە دېسىلا چولپاننىڭ ئۆيىدىن چىقمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن تانسىلارغا بېرىپ تۇرسۇنئاينىڭ چىشىغا تېگىدىغان بولۇۋالغانىدى. تۇرسۇنئاي بۇلارنى ئويلاپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاجرىشىش كېرەكمۇ ياكى تاپا-تەنىگە، كۈندەشلىككە، خورلۇققا چىداپ ئۆينى تۇتۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ تۇرسۇنئاينىڭ ئەنە شۇنداق تېگى يوق چىگىش خىياللىرىنى ياتاققا كىرىپ كەلگەن دىلشات دوختۇر بۆلدى.

تۇرسۇنئاي ئەدەب-ئەخلاق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دىلشات دوختۇر بىلەن سالاملاشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— غەم قىلماڭ، — دېدى دىلشات دوختۇر، — ھېلىمۇ ئاپىڭىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ماشىنا يەڭگىل ئۇرۇلغاچقا سول پۇتىنىڭ ھوشۇقى ئىككى يەردىن سۇنۇپتۇ، بىزنىڭ داۋالىشىمىزغا ماسلاشسا بىر قانچە ئايدا ماڭالايدۇ.

دىلشات دوختۇر تۇرسۇنئايغا تەسەللى بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئاپىسىنىڭ خىزمەتداشلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى كىرىپ كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا چولپانمۇ بار ئىدى. ئۇ تۇرسۇنئايغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات-پات مەنىلىك قاراپ قوياتتى. تۇرسۇنئاي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ، لېكىن ھودۇقۇپ تۇرغانلىقى كۆزىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

تۇرسۇنئاي ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاپىسىغا ئېلىپ كەلگەن مېۋە-چېۋىلەرنى ئېلىپ تومپۇچكىغا قويدى، يوقلاپ كەلگەنلەر بىر ئاز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن تۇرسۇنئاينىڭ كۆڭلىنى ياسىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

... كۈنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر ئايلارنى قوغلىشىپ ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ پۇتىمۇ ياخشىلىنىپ، قولتۇقتاياق بىلەن ماڭىدىغان بولدى. بۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە تۇرسۇنئاينىڭ تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. ئاپىسىنىڭ تەرىتىنى تۆكۈش، مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئۆتۈش، كەچلىك كۇرسقا بېرىش، ئاپىسىغا تاماق ئېتىپ ئەكېلىش مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشىغا ئايلانغانىدى. لېكىن بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئېغىر بىلىنمىدى. ئەڭ ئېغىر تۇيۇلغىنى ئاپىسىنىڭ بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا قىلغان سوغ مۇئامىلىسى بولدى.

ئاپىسى بالىنىتسىدا ياتقاندىن بۇيان چولپان كۈندە دېگەندەك پەيدا بولىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئاپىسى بىلەن مۇڭدىشاتتى، كۈلكە-چاقچاق قىلىشاتتى، مېۋە-چېۋى-

www.uyghurkitap.com


لەرنى ئاقلاپ بېرەتتى، يېقىن ئولتۇرۇپ سىردىشاتتى. تۇرسۇنئاي بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندە ئازابلىناتتى، تىلغىناتتى. لېكىن ئازابلىرىنى بىلدۈرمەيتتى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشلارنى ئالىم ئەتەي قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى.

بىر كۈنى تۇرسۇنئاي بالنىتسىغا كىرىپ كەلگىنىدە ياتاقتا ئالىم بىلەن چولپانلا بار ئىدى. چولپان كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتقان ئالىمنى ھەدەپ سۆيۈۋاتاتتى. ئالىممۇ چولپاننىڭ بېلىدىن قورۇپ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چىرمىشىپ ياتاتتى. تۇرسۇنئاي داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ چولپاننىڭ چېچىدىن يۇلسۇنمۇ؟ ئالىمنى ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز دەپ تىللىسۇنمۇ؟ ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى خەلققە ئالەمگە ياسۇنمۇ؟ ئاھ، ۋاپاسىز ئالەم، كۆزى كور پەلەك! سېنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بەختىڭ مۇشۇمۇ؟ بىرلىرىنى كۈلدۈرۈش، يەنە بىرلىرىنى زار - زار قاقشىتىش، ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش سېنىڭ تەبىئىتىڭمۇ؟!

تۇرسۇنئاي ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئەمەدىلىكتە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ تاشلاندۇق يالاقنى يالاۋاتقان ئىتقا ئايلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ سەۋرى قاچىسى يېرىلدى. ئۇ مېيىقىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويغىنىچە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

... تۇرسۇنئاي مەكتەپتىكى كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولدى. بۇ ئۆي كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ روھىي جەھەتتىن ئازادىلىككە چىقىپ قالدى. ئۇ كېسەلچان ئانىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يېنىغا چاقىرتىپ ئالغاچقا، كۆڭلى تېخىمۇ توق ئىدى. ئاپىسىمۇ ئارزۇلۇق قىزىنى كۆرۈپ كېسىلى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار كىنو - تىياتىر كۆرەتتى، بۇ شەھەرنىڭ كەڭ، ئازادە كوچىلىرىنى ھارغۇچە ئايلىناتتى. كۈلكە - چاقچاق قىلىشاتتى، پاراڭلىرى كېچە - كېچىلەپ تۈگىمەيتتى.

تۇرمۇش ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك، غەمسىز ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. تۇرسۇنئاينىڭ ئاپىسىنىڭ كېسىلى بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئەمدىلا خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن تۇرسۇنئاي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈردى. ئۇ ئىچىدە خۇداغا نالە قىلاتتى، يالۋۇراتتى. ئاپىسىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرىش، مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن يېلىناتتى. لېكىن بىۋاپا ئالەم ئاخىرى ئانىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. تۇرسۇنئاي زار - زار يىغلىدى، قاقشىدى، چاچلىرىنى يۇلدى. ئاخىرى ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان تەقدىرگە تەن بەردى...



# خىجىللىق

(ھېكايە)

يارمۇھەممەت

— مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە بالا كۆتۈرۈپ كەلمىگەن، ئالە بالاڭنى.

— ئۇنچە ئالدىراپ كەتمىگىن، ھەر ئىش بولسىمۇ، چىرايلىقچە بولغىنى ياخشى، قولۇم-قوشنىلار ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ.

— ئاڭلىسا ئاڭلىمامدۇ، ئەل-يۇرتتىن نومۇس قىلىپ، تېشىم پۈتۈن، ئىچىم تۈتۈن بولۇپ كەتتى. بولدى. ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي.

— سۆزلىسەڭمۇ سۆزلىگىن، يىغلىماي سۆزلىگىن، كۆپ يىغلاش بېشىڭ ئاغرىيدۇ. قارىغىنە ئەمەك بولمىغاندا مۇشۇ بىچارىگە بولسىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن...

— بۇنداق شېرىن سۆزلىرىڭنىڭ ماڭا ئەمدى كېرىكى يوق، دەيدىغان ئادەمگە بېرىپ دېگىن. مېنى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالدىماي ئوچۇق گېپىڭنى دېسەڭلا بولدى. مەن سېنىڭدىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمايمەن. مەن ساڭا ئوخشاش يا بارىدىغان يېرى يوق، يا كېلىدىغان يېرى يوق تالادا قالغان ئادەم ئەمەسمەن. ئۇقۇپ قوي! تاغدەك يار-يۆلەك بولىدىغان ئاتا-ئانام بار، ئۇلار تېخى ھايات! ماڭا پەقەت سېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈڭلا كېرەك. ئەمدى ساڭا ئالدانمايمەن، سېنىڭ مۇنداق تىلىڭنىڭ ئاستىدا تىلىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن، بولدى تويدۇم...

ئۆي ئىچىدە بىر جۈپ ئەر-ئايال جېدەل قىلىشىۋاتاتتى. بۇ جېدەلدىن بىزار بولغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان نارىسىدە بوۋاق ئانىسىنىڭ قولىدا تىپىرلاپ يىغلاۋاتاتتى. بالىنىڭ بۇ ئاچچىق يىغا-پەريادى بۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرسۇنمۇ؟ ئۆي بىساتلىرىمۇ قالايمىقان، ئۇ يەردە بۇ يەردە چۆرۈپ تاشلانغان، پارچە-پۇرات قەغەزلەر، كىيىم-كېچەك، ئورۇن-كۆرپىلەر چېچىلىپ ياتاتتى.

بۇ ئىككى ياشنىڭ، توي قىلغىنىغا ئەمدىلا بىر يېرىم يىل بولغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار مۇشۇنداق سوقۇشۇپ بىر-بىرىنى رەنجىتىپ، بىر-بىرىگە ئازار قىلىشىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇلار تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، شۇنداق ئاچچىق تەنىلەرنى قىلىشتىكى، بۇ تاپا-تەنىلەردىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ قەلبى مۇجۇلماقتا. بىرسى ئۆي ۋە تۇرمۇشتىن بىزارلىقىنى، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى دەپ زارلانسا، يەنە بىرسى بۇ ئاچچىق تەنىلەرنى، خۇددى تاماكا تۈتۈنىدەك يۇتۇۋېتىپ، ئۆزىنى تەمكىن ۋە سالماق تۇتۇپ، ئايالىدىن كەچۈرۈم سورىغاندەك، ئۇنىڭغا يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. بىراق ئامال قانچە، شۇنچە يېلىنىش-يالۋۇرۇشلار، تەسەللىيلەردىن بىردەملىك ئاچچىق ئۈستۈن كەلدى بولغاي، خەلچەم قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنى قاسىمنىڭ ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاباتۇر بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويۇپ قويۇپ، ئالدىراپ، بېرىپ چامىدانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كىيىم-كېچەكلەرنى رەتلەشكە، دېرىزە، كارىۋات تورلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قاڭلاشقا باشلىدى، قاسىم ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قويۇپ، خۇددى كارنىيىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بوغۇق، خىرقىراق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەن پەقەت مال-دۇنيانى، مېنىڭ ئىناۋىتىمنى دەپلا، مەن بىلەن توي قىلغان ئىكەنسەن-دە، مەندىن سەن تويغان بولساڭ، مەنمۇ سەندىن تويدۇم، ساڭا ۋىجدان، ئار-نومۇس كېرەك ئەمەسمۇ؟ سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشەمەن، كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئۆي ئىچىگە قاراپ باققىنە، بۇ قولۇڭدىكى نەرسىلەرنى نەگە ئاپارماقچى...— بىراق خەلچەم ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ:

— ھە، مېنى ئۈچ ئاي تاشلىۋېتىپ، بۈگۈن كېلىپلا، شالىڭنى چاچىسەنغۇ، بولدى ئال، ئۆيۈڭنى، بالىنى قانداق باقساڭ، شۇنداق باق، جان بولسىلا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، — دەپ بوغچىنى قولىغا ئالدى، ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا تېپىرلاپ يىغلاۋاتقان بالا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم دەپ ھېس قىلغان نەرسىلەر چىگىلگەن بىر بوغچا تۇراتتى.

خەلچەم قىلچىمۇ ئازابلانماستىن، يۈرىكى سىقىلىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلانماستىن، بەلكى مەردانىلارچە بوغچىسىنى قولتۇقلاپ، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇ ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق ياپتىكى، ئۆينىڭ دېرىزىلىرى جاراڭلاپ، تاملىرى تىترەپ كەتتى. قاسىمنىڭمۇ بەدەنلىرى شۈركىنىپ، تەنلىرىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولدى. ئەمدى قاسىمنىڭ ئالدىدا جاۋۇلداپ سۆزلەۋاتقان خەلچەم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئۆيدىكى بىسەرەمجانلىق ۋە سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر بوۋاق تۇراتتى. قاسىمنىڭ يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. مەزمۇت، مۇستەھكەم، كۈچلۈك پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ تىزلىرى ئىختىيارسىز پۈكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاستا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يەردە تېخىچە قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتىلارچە مېھرى بىلەن كەڭ كۆكرىكىگە باستى-دە، بىرياقتىن بالىنى تىنچلاندۇرۇپ بەزلىسە، يەنە بىر ياقتىن بالا ئۈچۈن سۈت تەييارلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۈتنى تەييار قىلىپ، بالىغا ئىچكۈزدى، بالا سۈتنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاستا-ئاستا ئۇخلاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدە بىر خىل جىمجىتلىق باشلاندى، بۇ خىل جىمجىتلىق قاسىمنىڭ ياش ھەم يۇمران يۈرىكىنى موجىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا چىگىش، مۇرەككەپ خىياللار خۇددى ئەتىياز تۇمانلىرىغا ئوخشاش لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ خىياللار ئۇنى ئازابلايتتى، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇراتتى، ئۇ تۇرۇپ ئۆزىگە سوئال قوياتتى ۋە سوئاللىرىغا ئۆزى جاۋاپ ئىزدەيتتى، تۇرۇپ غەزەب بىلەن تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ قوياتتى، بىراق بۇ ئاچچىق تۈتۈن ئۇنىڭغا قانچىلىك ئارام بەرسۇن دەيسىز؟! خىيال ۋە ھارغىنلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىق قاسىمنى ئاستا-ئاستا غەبلەت ئۇيقۇسىغا ئېلىپ كەتتى.

× ×

بۈگۈندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن قاسىم تۇيۇقسىز

بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ تېلېگراممىنى ئوقۇپلا خۇددى تۇيۇقسىز مىخ دەسسىۋالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، چۈنكى بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئەندىشىلىرى كۆپ ئىدى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ دادىسى ياشىنىپ قالغان بولۇپ، پەقەت بىر بالا بىر ئاتا ئىدى. قاسىم ئوقۇشقا ماڭغاندا ئۇ قاسىمنى باغرىغا بېسىپ، يىرىك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ:

— ئوغلۇم، بىز بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇپ، مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق، سەن مېنىڭ تايانچىم ھەم ئىشەنچىم. مانا ئەمدى سەن مەندىن ئايرىلىپ، چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىسەن، بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ رازى، بېرىپ ئوقۇغىن، ياخشى ئادەم بولغىن، بىراق سەن كەتسەڭ مەن يالغۇز تىكەندەكلا قالىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدىم، ئوقۇشۇڭ پۈتكەندە قايتىپ كېلىپ خىزمىتىڭنى مۇشۇ يەردە قىلارسەن، مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يەرلىكىمدە قويساڭ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا سەندىن رازى بولغان بولاتتىم، — دەپ جېكىلىگەنىدى، بىراق تەقدىر بوۋاينىڭ ئويلىغىنىدەك بولماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ چوڭ شەھەرگە ئورۇنلاشتى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەلچەم بىلەن توي قىلدى. قاسىم توي قىلىش ئۈچۈنمۇ خېلى كۆپ قەرز ئالدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ «ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن» دەك كەلگەن تېلېگرامما قاسىمنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇ بىر ئاز ئەس-ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن بۇ ئىش توغرۇلۇق خەلچەم بىلەن ئورتاقلىشىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، كەچلىك ئىسمىنى-دىن چۈشكەن خەلچەم سىم كارىۋاتتا يېتىپ، شېرىن ئۇيقۇدىن بەھۇزۇر لەززەتلىنىۋاتاتتى. خەلچەم تاراقلىتىپ كىرگەن ئاۋازدىن ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتتى-دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قاسىمغا بىر ئالايدى-دە:

— ھە! نېمە گەپ، بىر ئادەم ئۇخلاۋاتسا، شۇنداقمۇ قوپاللىق قىلغان بارمۇ؟ ئادەمنى چۆچۈتۈپ.

— دادام ئاغرىپ قاپتۇ.

— دادام ئاغرىپ قاپتىمۇ؟ قاچان، — دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئاياغلىرىنى گىيىشكە ئالدىرىدى. بىراق قاسىمنىڭ:

— ياق! بۇ يەردىكىلەر تىنچلىق، يۇرتتىن تېلېگرامما كەپتۇ، دادامنى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىق دەپ يېزىپتۇ، — دېگەن سۆزى بىلەن خەلچەمنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىگە قىزىللىق ئولاشتى-دە، قايتىدىن كارىۋاتقا چىقىپ، ياستۇققا قولىنى تىرەپ يانپاشلاپ تۇرۇپ:

— سىز قانداق بارالايسىز، تېخى تويىنىڭ ئالدى-كەينىدە قىلغان قەرزنى ئۈزمىگەن تۇرساق، — دېدى-يۇ، بىراق «ما قېرىنى كۆرۈڭ، توي قىلىمىز دېسەك، ئون تىيىن پۇلى يوق، ئەمدى ئاغرىپ قالدىم دەپ خەت يازغىنىنى» دېگەن سۆزلەرنى كۆڭلىگە كەلتۈرسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالماي يۇتۇۋەتتى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دېگەن گەپ بار، ئەگەر بارىمەن دېسىڭىز ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، قەرز ئۈستىگە يەنە قەرز بولىدىغان گەپ، — دېدى. ئەمما، قاسىمنىڭ يۈرىكى زادىلا تىنچىماستىن، ئەكسىچە دادىسى ئۈچۈن پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

تاماكا ئورىغاچ:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، بىراق دا-
دامنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ ئېغىر ئوخشايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز بىلمەيسىز، ئۇنىڭ
مەندىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق، شۇڭ-
لاشقا بۇ ئىش توغرۇلۇق قانداق قىلى-
شىمنى بىلەلمەي قالدىم، پەقەت ئادەدە بىر
ئىش بولۇپ قالسا، بىر ئۆمۈر پۇشمانىدا
قالىمەن، ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىدىمۇ سەت، —
دەپ ئاپامنىڭ يادىمغا مۇھتاج ئىكەن-
لىكىنى ئېسىمگە سالغاندەك، ئاپامنىڭ
كۆزىگە قارايتتى. خەلچەم بولسا، خىيال
دەرياسىدا لەيلەپ، بۇ ئىشنى قانداق
قىلغاندا «توغرا» ھەل قىلغىلى بولىدى-
غانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك چارە - تەدبىر-
لەر ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، ئۇ ئاستا
بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەنمۇ سىزنى بارماڭ دېمەيمەن، بى-
راق مانا كۆرۈۋاتىسىز، مېنىڭ ئاي - كۈ-
نۈممۇ يېقىنلىشىپ قالدى، سىز كەلگۈچە
يەڭگىپ قالسام، قىينىلىپ قالامدىمكىن
دەپ قورقىمەن، ئېنىمدا سىز تۇرسىڭىز
كۆڭلۈم توق تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
پۇلمۇ يوق، ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، —
قاسىمنىڭ پۈتۈن ئۈمىدلىرى توزغاقتەك
توزۇپ كەتتى، شۇ كۈنى ئۇ چۈشلۈك تا-
ماقمۇ يېمەستىن ئىشقا كەتتى. خەلچەم
ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، بۇ ئىشلارنى باشقى-
دىن ئويلاشقا باشلىدى.

«بارسىغۇ ياخشى بولاتتى، قانداق بول-
مىسۇن دادا ئەمەسمۇ» دەيتتى ئۆز - ئۆزى-
گە شىۋىرلاپ، — ياشىنىپ قالغان ئادەم
بىرلا تىنىقتىن قالسا ئۆمۈر بويى مېنىڭ
پېشانەمدىن كەتمەيدۇ، ئېنىڭ ئۈستىگە
ئۇ ئادەمنىڭ قاسىمدىن بۆلەك بالىلىرى
بولمىسا، مال - دۇنياسى ئۇ ياقتا تارت، بۇ
ياقتا تارت بولۇپ سورۇلىدىغان گەپ،
ئەگەر قاسىم ئۈستىدە دەسسەپ تۇرۇپ،
ئىگىدارچىلىق قىلسا، ھېچ نەرسە يىدىرى-
لمايدۇ، بارلىق مال - مۈلۈك ئۇدۇللا بىز-
نىڭ ئۆيگە كېلىدىغان گەپ، بوپتىلا،
بارسىمۇ بارسۇن، مېنىڭ دادام بىلەن
ئاپام بارغۇ؟! ئانچە قىينىلىپ كەتمەس-
مەن، ئاڭغىچە قاسىممۇ قايتىپ كېلىپ
قالار، قاراپ تۇرۇپ باشقا قونغان بەخت
قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتمەي، بولدىلا، دۇنيا
بولسىلا، باشقا نەرسە تېپىلار، — دېگەنلەر-
نى ئويلاپ، قاسىمنىڭ بېرىشىغا تامامەن
قوشۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن قارار قىلدى-
دە، كەچتە كەلگەن قاسىمغا:

— بولدى، بېرىڭ، مەن سىز كەتكەن-
دىن كېيىن كۆپ ئويلاندىم، قەرز قىلساق
تۆلىگىلى بولار، ئاتا - ئانىنى تاپقىلى
بولمايدۇ. ئەتە مەن ئانچە - مۇنچە تەيي-
يارلىق قىلىپ بېرەي، ۋاقتىدا مېڭىڭ، —
دېدى. قاسىم خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— مەنمۇ ئويلاندىم، بارمايمىكىن دە-
ۋاتىمەن. چۈنكى سىز يەڭگىپ قالسىڭىز
قىينىلىپ قالىدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە
سىز دېگەندەك بىر مۇنچە قەرزلىرىمىز
بار، شۇڭلاشقا پۇل ئەۋەتىپ بېرىپ،
بارماي تۇرايمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ياق، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ
يېنىمدا ئاتا - ئانام بار، قىينىلىپ كەت-
مەسمەن، تېزراق يولغا چىقىڭ، ئەتە
دادامدىن ئۈچ يۈز يۈەن قەرز ئەكېلەي،
خۇدايىم بىرەر جايدىن ئىلتىپات قىلسا،
تۆلىۋېتەرمىز، — دەپ خەلچەم ئاسمانغا
قاراپ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى...

قاسىم شۇ مىزاكىرە بولۇپ، ئۈچىنچى
كۈنى يولغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يۇرتىغا
بارغاندا دادىسى ئېغىر جىگەر كېسىلى

بىلەن ئۆيدە ياتقان بولۇپ، يۈز - كۆز-
لىرى سارغايغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا
كاناي ياللۇغى قوزغالغان بولۇپ، تۇرۇپ،
تۇرۇپ قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى. بۇ
قوش كېسەل بوۋاينىڭ ئۆمىد يۇلتۇزلى-
رىنى خىرەلەشتۈرگەن بولۇپ، بارلىق
ئارزۇ - ئارمانلىرى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈك-
تەك لەيلەپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ
نۇرسىز خىرەلەشكەن كۆزلىرى خۇددى
قاسىم كەلسىلا ساقىيىپ كېتىدىغاندەك
ئىشىكتە ئىدى.

قاسىمنىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ
ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشى بىلەن تەڭ بو-
ۋايغا خۇددى ئۆيي ئىچى بىردىنلا يورۇپ
كەتكەندەك بولدى - يۇ، ئېسەدەپ يىغ-
لاشقا باشلىدى. قاسىمۇ بىر تەرەپتىن
دادىسىغا تەسەللى بەرسە، بىر تەرەپتىن
توختىماي يىغلايتتى. ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان بالا ئوتىدا كۆيۈپ سارغايغان دادا
ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالىسىغا قا-
راپ، ئۆمىد شاملىرى قايتىدىن يانغان-
دەك قاسىمغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ باش -
كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

قاسىم بارغان كۈنى دادىسى بىلەن
تۈن نىسپى بولغۇچە پاراڭلىشىپ يېتىپ
قالدى - دە، ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ
قوشنىسىدىن بىر هارۋا ئېلىپ دادىسىنى
دوختۇرغا ئاپاردى. بوۋاي شۇ كۈنىدىن
ئېتىبارەن بالنىستىدا توپ - توغرا ئۈچ
ئاي ياتتى. بۇ جەرياندا قاسىم نۇرغۇن
كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ دادىسى-
نىڭ دۇئاسىنى ئالدى. بىراق بۇ ئۈچ
ئاي جەرياندا قاسىمۇ ئاز چىقىم تارت-
مىدى، ئېلىپ بارغان پۇلىمۇ بىر يەرگە
بېرىپ قالغانىدى.

قاسىم دادىسىنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ
چىقىپ ئۆيدە بىر نەچچە كۈن تۇرغۇز-
غاندىن كېيىن، بوۋاي قاسىمنى يېنىغا
چاقىرىپ:

— خۇدا ساڭا، بالىلىرىڭغا كۆپ رەھ-
مەت قىلسۇن، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭغا يېتىپ،
كۆكلەپ كېتەرسەن، ئەمدى سەن بالام
بىر پۈتۈن ئۆيۈڭنى تاشلاپ كېلىپ مېنى
ئۆلۈم ئاغزىدىن قايتۇرۇۋالدىڭ، هازىر
خۇدا بۇيرۇسا خېلى ياخشى بولۇپ
قالدىم، ئۆزۈمنىڭ هۆددىسىدىن چىقالاي-
مەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىلىرىممۇ تو-
لىمۇ ئوڭلۇق، قاراپ تۇرمايدۇ. ئەمدى
قايتىپ كەتكىن، مەن سىلەرنى ئايرىم
يوقلاپ بارىمەن، — دېدى. بىراق قاسىم
دادىسىغا تەشۋىشلەنگەن هالدا:

— سېنى بېقىش ۋە ئاسراش مېنىڭ
بالىلىق مەجبۇرىيىتىم. مەن يەنە بىر
نەچچە كۈن تۇرۇپ سەن تولۇق ئەسلىگە
كەلگەندىن كېيىن قايتاي، — دېدى. ئەم-
ما بوۋاي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ:

— ياق! قايتقىن، سېنىڭمۇ تەشكىلىڭ
بار. «بارماقنىڭ كەلمىكى بار» دېگەنى-
دەك يەنە بېرىش - كېلىش توغرا كېلىپ
قالسا، ئادەم خىجىل بولۇپ قالىدۇ. ھې-
لىمۇ ئۈچ ئاي تۇردۇڭ. مۇشۇنىڭ ئۆزى-
مۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، بىر مەزگىل تۇ-
رۇپ قايتاي.

— مەنغۇ ساڭا تويمىدىم، بولسا يېنىم-
دىن يىراق كەتمەي تۇرساڭ ياخشى
بولاتتى. بىراق ئۆيۈڭ بار. ماڭغىن با-
لام، — دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنداق قىلىپ بوۋاي قاسىمنى زورلاپ
يولغا سېلىۋەتتى. ئۇ دادىسىدىن ئايرى-
لىپ تۆتىنچى كۈنى ئۆز ئۆيىگە يېتىپ
كەلدي. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايالى ئالدىغا سۈتتەك ئاپئاق بوۋاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خۇشخۇي قارشى ئالدى. قاسىممۇ هارغىن قولىنى سوزۇپ، ئوغلىنى قولىغا ئالدى. بىراق ئاللىقانداقتۇر خىياللار بىلەن بەنت بولغان خەلچەم قاسىمنىڭ سومكىسىغا ۋە رەڭگى روھىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئالاھىدە ئەھۋاللارنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ، ئوپۇل-توپۇل باشقا گەپلەر ئۈستىدە سۆز ئېچىشنى بىئەپ كۆردى بولغاي، ئۇشۇق گەپ-سۆز قىلماي، جوزىغا چاي ئەكەلدى. بۇ كېچە قاسىم دادىسىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە يۇرتىدا بولغان يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ، كېيىنچىرەك دادىسىغا ئازراق پۇل ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئەمما خەلچەم يولدىشىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ جىممىدە ياتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاتناشتا قالغان باشقا نەرسە-كېرەكلەر بار بولسا كېرەك، ھەر قانچە بولسىمۇ، ئۈچ ئاي تۇرۇپ، بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ كەلمەس دېگەندەك شېرىن خىياللار ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ھۇزۇرلاندۇرۇۋەتتى...

ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن قاسىم ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرماي يېتىۋەردى، بىر چاغدا خەلچەمنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى.

— قاسىم، گەرەزگە بارمامسىز؟ ئەل ئىشقا چۈشكىلى نېكەم.

— گەرەزگە؟ گەرەزگە نېمىگە باردىمەن، — دېدى قاسىم ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ،

— ھۇ! قالغان نەرسىلەر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى خەلچەم ئاچچىق بىلەن قاسىمغا دېۋەيلەپ.

— قېرىغان ئادەمدىن نېمە ئەكەلمەكچىدىم. ھېلىمۇ ياخشى بولۇپ قالغىنىغا خۇداغا شۈكرى دېمەك بولىدۇ خەلچەم، — دېدى قاسىم ئېرىنچەكلىك بىلەن شىمەلىرىنى كىيىۋېتىپ، بىراق خەلچەم ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپ كەتتى:

— ئەمدى قەرزنى قانداق قايتۇرىمىز. دادامنى داۋالاتتىم، تۇرۇپ تۇرۇۋەڭلار دېگەن بىلەن پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تۇغۇپ يېتىپ، دادىلار ئاز قەرز بولمىدى. پۇلنى قايتۇرمىساق بولمايدۇ.

— بولدى، قويسىڭىزچۇ ئۇ گەپلەرنى، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن گەپ بار. ئادەم بولسىلا پۇل تېپىلىدۇ. دادىڭىزمۇ بىزگە بەرگەن پۇلغا قاراشلىق ئەمەستۇ، ئالدىرىماي قايتۇرساقمۇ بولىدۇ، — دېدى قاسىم.

— نېمە دەپ قويىدىكەنمەن، سېنىڭ دادىڭنىڭ پۇلى پۇل، مېنىڭ دادامنىڭ پۇلى پۇل ئەمەسمىكەن. داداڭ بولغان ئادەم توي قىلدىڭ دەپ ئۇن تىيىن پۇل بەرمەكتە يوق، ئېلىپ بارغان پۇلنى خۇدايىم بەردى دەپ قۇرۇق دۇئا قىلىپ خەجلەپ بوپتۇ. بىكارغا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ قاسىمجان...

— ئۇنداق قىلىپ كەتمىگىن، ئەتىگىچە مەن بىر يولىنى قىلارمەن.

— بولدى تاقىتىم قالمىدى. بۇنداق قۇرۇق ئۆيۈڭدە كىم ئولتۇرسا ئولتۇرسۇن. كېسەل كۆرپىسى داداڭنى ئەكېلىپ بېقىۋالغىن.

— ئۇنچىلا چېچىلىپ كەتمە، سەل ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن.

— ئىيالە بالاڭنى، قانداق قىلساڭ

شۇنداق قىل......

× ×

بالىنىڭ قاتتىق يىغا ئاۋازى بىلەن قاسىم ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ بالىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بالىنى بەزلىگەچ، دېرىزە ئالدىغا كەلدى. دېرىزىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقان ئاينىڭ نۇرىغا ئۇزۇن قاراپ تۇردى. ئايلار گاھ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولاتتى، گاھ بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ، ئەتراپنى يوپ ـ يورۇق يورۇتۇۋېتەتتى. يۇلتۇزلار يەنىلا چاقناپ نۇر چاچاتتى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، پەقەت بۇ جىمجىتلىقنى قاسىمنىڭ قولىدىكى بوۋاقنىڭ قاتتىق يىغىسى بۇزۇپ تۇراتتى. قاسىمغا يەنىلا ھايات قىممەتلىك، تەبىئەت گۈزەل بىلىندى.

ئىشىك تاقىلداپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. قاسىم ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى ـ يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئىشىك تۈۋىدە ھېلىلا ھەممە نەرسىدىن كېچىپ، يامانلاپ كەتكەن ئايالى تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئېلىپ كەتكەن بوپىسى يەنىلا شۇ پېتى چېگىلىك ئىدى. قېيىن ئاتىسى خۇددى قىزىنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغاندەك، قاندىقتۇر بىر خىل خىجىللىق بىلەن قاسىمغا قاراپ تۇراتتى، بىراق قاسىم بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزىنى يوقاتقان بولۇپ، ئۇلارغا نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ، قېيىن ئاتىسى ئالىم ئاكىنىڭ:

— ھە قاسىم، ئۆيگە باشلىمامسەن، قاراپ تۇرىسەنغۇ، — دېيىشى بىلەنلا بىر خىل ئىللىق سېزىم بەدەنلىرىگە تاراپ، پۈت ـ قوللىرى بوشاپ كەتكەندەك بىلىنىپ، كۆزىگە ھاياجانلىق ياشلىرى يامراشقا باشلىدى ـ دە، — ھە، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى، خەلچەممۇ دەرھال كېلىپ قاسىمنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ باغرىغا باستى.

ئالىم ئاكا تولىمۇ ياخشى ئادەم بولۇپ، يۇرت ئىچىدە خېلىلا ئابرويلۇق ئىدى. قاسىممۇ شۇنداق ئېسىل قېيىن ئاتىسىنىڭ بارلىقىدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىپ، ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. شۇڭلاشقا بۈگۈن ئايالى تەرىپىدىن تېرىلغان بۇ جېدەل تۈپەيلى بۇ ھۆرمەتلىك ئادەمگە نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەي قالدى ـ دە، ھاياجانلىقتىنمۇ ياكى بۈگۈنكى بۇ ئازابلاردىنمۇ ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى ئىللىق سىيپاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئوغلۇم، خەلچەم ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن چېغىڭدا كۆڭلۈڭگە ئازار بېرىپتۇ، قىزىم ئۈچۈن مەن ناماقۇل، سىلەرنى تۇرمۇشتا قىيىلىپ قالمىسۇن دەپ بۇ بەش يۈز يۈەن پۇلنى ئالغاچ كەلدىم. داداڭنىڭ ساقىيىپ قالغىنى غەنىمەت ئىش ئوغلۇم. پۇل دېگەن ئادەم بولسىلا تېپىلىدۇ، ئادەم تېپىلمايدۇ، چىرايلىق، ئىناق ئۆتۈڭلار، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىر ـ بىرىڭلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، بىر ـ بىرىڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، بىز سىلەرنىڭ خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىڭلاردىن سۆيۈنىمىز. مەن يولدا كەلگۈچە خەلچەم بىلەن كۆپ پاراڭلاشتىم، ئەمدى ئىككىنچى قېتىم مۇنداق ئىشلارنىڭ تۇرمۇشىڭلاردا تەكرارلىنىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن قايتاي، چىرايلىق ئۆتۈڭلار.

# پىچىرلاشنىڭ سىرى

(ھېكايە)

سالىم مۇسۇل

رەڭگى روھى ئۆچكەن ھالدا ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كېلىۋاتقان فەررۇخ بىلەن ئىدارە دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ئاداش، روھىڭ تۆۋەنغۇ؟ بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان ئوخشىمامسەن؟

— نېمە كېلىشمەسلىك بولاتتى. يەنىلا شۇ گاز ئوچاق ئىشى بولمامدۇ، — دېدى فەررۇخ مەيۈس ھالدا.

— نېمە، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا ئىدارىگە بىرقانچە سان تەقسىم قىلىنىپتىغۇ. مەمۇرىي ئىشخانا باشلىقى ھازىر ئۆيىدە كاماندىروپكىغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، دوكلاتتىن بىرنى يېزىپ ئۆيىگىلا بارمامسەن.

— مانا، ھازىر شۇ يەردىن كېلىشىم.

— باشلىق نېمە دېدى؟ — دېدىم مەن قىزىقىپ.

— نېمە دەيتتى؟ — دېدى فەررۇخ موخۇركا ئورىغاچ، — يەنە بۇرۇنقىدەك جاۋاب بەردى: ئىدارىگە تەقسىم قىلىنغان سان بەك ئاز. بۇ سان بىلەن ئىدارىدىكى گاز ئوچاق قىسىنچىلىقى بارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. سىزنىڭكىنى ھەل قىلىپ، باشقىلارنىڭكىنى ھەل قىلماسلىق پىكىر چىقىدۇ. شۇڭا بىز يول مېڭىپ كۆپرەك ئامالىنى قىلىپ باقايلى، — دەيدۇ. يەنە تېخى: — ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ، كىشىلەر پۇلغا، گالغا بېرىلىپ كەتتى، قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش ھەل قىلماق پېتىر ناندىن قىل ئالماقتىنمۇ تەس بولۇپ كەتتى، — دەيدۇ. قارىغاندا، گاز ئوچاق ھەل قىلىپ بولغۇچە چېچىمغا ئاق سانجىلىپ، بېلىم مۈكچىيىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى فەررۇخ موخۇركىسىنى قاتتىق شوراپ تۇرۇپ.

قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، باشقىلارغا ئوخشاش قۇۋلۇق - شۇملۇقنى بىلمەيدىغان، خىزمەت دېسە جېنىنى تىكىدىغان بۇ خىزمەتدىشىمغا ھېسداشلىقىم كەپقالدى. ئۇنىڭدىن خېلىلا كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان ھەتتا تويى قىلمىغانلارمۇ ئىدارىنىڭ شتاتىدا گاز ئوچاق ھەل قىلىپ بولدى. ئەجەبا، ئۇ ھازىرغىچە قوشقاچتەك ئىككى بالىسى بىلەن موردىدىن ئىس چىقىرىپ تۇرسا...

× ×

شۇ كۈندىن ئىككى ھەپتە كېيىن ئىككى قوينى يېتىلەپ ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان فەررۇخ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق:

— مۇنۇ ساغلىق قوينى مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىغا تەقسىم قىلىنغانىكەن، — دېدى فەررۇخ سېمىزغىنا ساغلىق قوينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ بۆلۈم باشلىقىمىز بۈگۈن، مەمۇرىي بۆلۈم باش-

لىقى كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگۈچە ئۆيىڭىزگە ئالغاچ كېتىپ بېقىپ تۇرسىڭىز دەپ يېتىلىتىپ قويدى، — دېدى.

ئۇششۇمتۇت خىيالىمغا بىر ئوي كەلدى — دە، بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىپ پىچىرلاپ بىر پىلاننى كۆرسەتتىم. فەررۇخ ئىككىلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆتكەندە مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنىڭ ساڭا قىلغان سۆزىنى ئوبدان ئويلىنىپ كۆردىڭمۇ؟ قېنى، سەن ئۇنىڭ رايىنى، شامالنىڭ چىققىشىغا قاراپ ئىش قىلمامسەن، دەپ مەسلىھەت بەردىم.

× ×

بىر نەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئەمدىلا تاماق يېيىشكە تەمشىلىپ تۇرغىنىمىزدا قولىدا سومكا كۆتۈرگەن فەررۇخ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋادەك ئوچۇق، بايرام پەيزىنى سۈرگەن كىشىدەك خۇشال ئىدى. مەن ئۇنى تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق ھالەتتە كۆرۈشۈم.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن، — دېدى ئۇ. مەن ھەيرانلىق بىلەن:

— ئالتۇن تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ئۆزىنىڭ گاز ئوچاق ھەل قىلالىغانلىقىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— تۈنۈگۈن مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنىڭ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىنغان قوينى يېتىلەپ ئۆيىگە بارسام ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. قوينى دەرۋازىغا باغلاپ قويۇپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى توپتەك چوقچىيىپ چىققان قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئايالى ۋە ئون نەچچە ياشلاردىكى ئوغلى بىلەن دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ئالدى بىلەن دەرۋازىغا باغلاقلىق قويغا ئاندىن ماڭا يۆتكەلگەندە يۈزىدىكى دەرھال كۈلكە يۈگۈرۈپ، يوغان كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قالايلا دېگەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كاماندىروپكىغا مېڭىشتىن ئاۋۋال ئۆز ئۆيىدە گاز ئوچاق ھەل قىلىش توغرۇلۇق قىلغان «سەگەتمە» سۆزلىرىنىڭ ناھايىتى جايىغا تەگكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەنىدۇ.

ئۇ، مەن بىلەن ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن سالاملىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقىنىڭ زېرەك ئوغلى قوينى يېتىلەپ ھويلىغا ئەكىرىپ بولغانىدى. مەن، كاماندىروپكىغا چىققاندا جاپا چەكمىگەنسىز، دەپ ئەھۋال سورىشىمغا، ۋاي ئۇكام، بىز جاپانى سىلەردەك ياش ۋاقتىمىزدا يەتكۈدەك تارتقان، ئەمدى راھەت كۆرىدىغان ۋاقتىمىز دېگەچ، مېنى يورۇق، ئازادە مېھمانخانىسىغا باشلىدى. ئالدىنقى قېتىم ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنىمدىكى سوغۇق-قوپال مۇئامىلە ئەمدى ئاللىقاياقلارغا يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىللىق، مۇلايىم مۇئامىلە ئىگىلىگەنىدى.

ھەش-پەش دېگۈچە شىرەگە ئېسىل تاماكا، خۇش پۇراقلىق چايلار، ھەتتا كاماندىروپكىدىن ئالغاچ كەلگەن يەل-يېمىشلەر تىزىلىشقا باشلىدى. مەمۇرىي بۆلۈم باشلىقى مېنى نازۇ-نېمەتلەرگە بېقىشقا تەكلىپ قىلغاچ، ئۆزىنىڭ كاماندىروپكىغا بارغاندا كۆرگەن-ئاڭلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غانلىرىنى ھەتتا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلىقلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. ئەپسۇسكى، قوي توغرۇلۇق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ ئېچىپ قويمىدى.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دېگەن شۇ دە. كەچلىكى ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قويىنى سويۇپ مېنى تازا مېھمان قىلدى. بىز تۈرلۈك سەيلەر بىلەن ئەمەدىلا ئىچىشىپ تۇرۇشىمىزغا، لېگەندە لىغىرلاپ تۇرغان پىششىق گۆش كەلتۈرۈلدى. ئىچىشىمىز داۋاملاشماقتا، بىر چاغدا باشلىق ماڭا قاراپ ئىشىڭىزنى بېجىرىۋېتەيلى دەپ، تارتمىسىدىن مەن قالدۇرۇپ كەتكەن دوكلاتنى ئېلىپ تەستىق سالدى ھەم ئۆتكەنكى ساندىن زاپاس بىرنى قالدۇرۇپ قويغان، ئەسلى رەسمىيەت ئۆتمىگىمىز بولىدۇ، دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى. تۇتقان ھاراقلىرىنى زورمۇ-زور ئىچەتتىم. خىيالىم بولسا ئۆيدە، ئايالىمنىڭ سۇلغان چىرايىنى خۇش قىلىشتا ئىدى. كېيىن تەڭشىلىپمۇ قالغان ئوخشايمەن. ئۆيگە قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بۈگۈن ئەتىگەن ئىدارىگە بېرىپ گاز ئوچاقنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ ئۆيگە ئاپىرىپ قوراشتۇرۇپ بېرىپلا ئۇدۇل سىڭىنىڭ يېنىغا كېلىشىم، دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.


**«تارىم» ژۇرنىلىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇڭ!**

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

«تارىم» ژۇرنىلى سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىز ۋە مەسلىھەتچىڭىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدە ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، داستان، بالладا، ساترا، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، نەسىر، مەسەل، ئەدەبىي ئوبزور ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى ھەمدە نەشرگە تەييارلانغان رومانلاردىن پارچىلارمۇ بېرىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئايلىق باھاسى 1.40 يۈەن.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 — 58

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# ئىككى ھېكايە

پاتىمە قۇربان

## ئىشتىن چۈشكەندە

ئۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كوچا دوقمۇشىدا بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇۋېلىش ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقاندەك قىلسا كېرەك، «ھە راست، ئايالىم تېخى يېڭىلا ئىشتىن كەلگەندىن كېيىن، تاماقنى تېخى تەييارلاپ بولالمىدىمۇ - دەيمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

كوچا دوقمۇشىدىن كاۋاپنىڭ دېزىلىك پۇرىقى كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىختىيارسىزلا ئۆزىنىڭ قايتا تەربىيە ئالغان ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدى:

بىر كۈنى ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىشتىن ھېرىپ قايتىۋاتقىنىدا يول ئۈستىدىن كونىراپ كەتكەن ئۈچۈن خالتىسىغا سېلىنغان يېرىم خالتا ئەبجەش نان تېپىۋېلىشتى. ئۇلار تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېچىرقاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھېلىقى ناندىن ھاپىلا - شاپىلا بىردىن يەپ مەززە قىلىشقاندىن كېيىن، يول بويىدىكى ئېرىق سۈيىدىن راسا قانغۇچە ئىچىشتى. ئاندىن ئولتۇرۇپ ئاچچىق موخۇركىلىرىدىن بىر تالدىن ئوراپ چېكىشىپ مەھەللىگە قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئاشقان ناننى ئاللىقاچان تەڭ بۆلۈشۈۋېلىشقانىدى. ئۇ ياتاققا كىرىپلا ناننى يوشۇرۇشقا جاي ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ ئاخىرى ناننى تىقىدىغان يەرنىمۇ تاپتى. كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن، قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كىزنى يېرىم كېچە قىلغاندىن كېيىن ياتىقىغا قايتىپ چىقىپ ئۇخلاپ قالدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىر نېمىنىڭ تىرىقشىشى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ دىققەت بىلەن تىڭشاپ كۆرۈۋىدى، قاراڭغۇدا بىرسى كاراسلىتىپ نان يەۋاتقانىكەن. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھېلىقى نان يوشۇرغان يەرگە قولىنى سالدى - دە، دەرغەزەپ بىلەن ساۋاقدىشىنىڭ گېلىغا ئېسىلىپ پومىداقلىشىپ كەتتى...

ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، كوچىدىن ئۆتكەنلەرگە قاراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئايالىنىڭ ئۆيدە تاماق ئېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ ئاستا ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

## بوۋاي

ياشانغان بىر بوۋاي ئىشىك ئالدىدا كىچىك ئورۇندۇقنى قويۇپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن نەۋرىلىرى، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى چۇرقىرىشىپ ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرۈشۈپ ئوينىشىۋاتاتتى. بوۋاي بۇ بالىلارنىڭ خۇشال ئويۇنلىرىغا ياشانغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ

قويدى: «يىغلىماپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ بۇلار» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-يۇ، ئەمما ئۇلارغا بۇنى دېيىشتىن ئېرىندى.

بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ يەتمىش نەچچە يىللىق ھايات سەپىرىدە ئۆتكۈزگەن بەزى ئىشلار غۇۋا كېلىشكە باشلىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىمۇ شۇ بالىلارغا ئوخشاش بىغەم بالىلىق دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمىكىن؟ بوۋاي ئۆزىنىڭ دەسلەپتە مەزدۇزلۇققا شاگىرتلىققا كىرگەن كۈنلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ غىل-پال كۈلگەندەك قىلدى-يۇ، دەرھال «ئۇھ...» دەپ ئېغىر تىنىشقا باشلىدى. ئۇ مەزدۇزلۇق ھۈنىرىنى ئەپلا ئۆگىنىپ تۇرغىنىدا ئائىلىسى بىلەن بىرگە باشقا يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ چىقىشقا توغرا كەلدى. ئۇ مال باقتى، تامچىلىق قىلدى، ھارۋىكەشلىكمۇ قىلدى. ئەيتاۋۇر ھەر خىل ئىشلارنى قىلدى. ئاخىرى ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالغانىدى. بۇ جەرياندا بىر نەچچە قېتىم ئۆيلىنىشكىمۇ ئۈلگۈردى، بالىلىقمۇ بولدى. مانا ھازىر نەۋرىلىرىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى. بوۋاي ئىختىيارسىز ئاتا-ئانىسىنىمۇ ئەسلەپ قالدى «ئىلاج قانچە؟ مەنمۇ ئاتا قېرىشلارغا كېتىۋاتىمەنغۇ» بوۋاي يەنە بىر قېتىم ئۇلۇق-كىچىك تىنىۋالدى. «ھەي... سەمەتئاخۇن شۇنچە كۆپ بالىلىق بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، ھازىرغىچە ھاراقنى تاشلىمىغىنىنى قارىمامدىغان» ئۇ چوڭ ئوغلىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى... ئەخمەق ئادەم-دە ئۇ». چاي ئىچكۈسى كېلىپ ئۆي تە-رەپكە تەستە بۇرۇلۇپ قاراردى، يەنە دەرھال ۋاز كېچىپ ئولتۇرۇۋەردى. «كۆزلىرىم بارغانچە ئاز قىلىۋاتىدۇ، بالىلىرىم»، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئېغىر تىنىپ قويدى. ئۇ كىچىك ئوغلىدىن بەكلا مەمنۇن ئىدى. ئۇ يېقىندىلا قايسى بىر مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە كادىر بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. «بۇ ئوغلۇم نېمىدېگەن ئەتىۋارلىق-ھە!» بوۋاينىڭ چىرايىدا ئىللىق بىر تەبەسسۇم ئولاشتى. ئۇ كىچىك ئوغلىنىڭ تۇنجى مائاشىغا ئېلىپ بەرگەن مەسە-كالىچىنى ئاۋايلاپقىنا سىيلاپ قويدى. «خۇدا بۇيرۇسا بالىلىرىمنىڭ ھەممىسى خىزمەتلىك، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى... مانا ئىنساپ سەھەتنى قارىمامدىغان، ئىككى قېتىم ئۆيلەندۇرۇپ قويساممۇ يەنىلا مەندىن رازى ئەمەس. ھەي ئىپلاس!» بوۋاينىڭ دەرھاللا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قولىدىكى شېشىللارنى يىراققا چۆرۈۋەتتى. بوۋاينىڭ خىيالى كەنجى ئوغلىنىڭ تويى ئىشىغا كەلگەندە ئۈشتۈمتۈتلا ئاغزىدىن «بەدبەخ!» دېگەن سۆز چىقىپ كەتتى. «ئۇنىڭ يېتىلىۋالغان قىزنى قارىمامدىغان، ھەي...»

كۈن ئولتۇرۇشۇپ قاش قارىيىشقا باشلىدى. ئاسماندا بەك جىق بۇلۇت بولسىمۇ، ئاسماننى ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى.

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاجىز كۆزلىرى بىلەن قارا پەردە ئاستىغا ئىلىنىۋاتقان كۆككە تىكىلدى. ئۇ ھازىر نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟

نەۋرىلىرى بىخارامان ئويۇنىنى داۋام قىلىشماقتا.

# نەسرلەر

تەنھا

## تىلەك

1

ئاجايىپ ئاتلارنىڭ مەيدىسىنى قەلبىمدىكى قۇل! مەن ئۇنى سۆيىمەن.

ئىرادەمنىڭ كىشەنلىرى كەپسىزلىنىڭ پەرىشتىلىرىمنى بەنت قىلىدۇ. ئۇ بىھوشلىنىپ يىقىلغىنىدا تىنىقلىرىنى ئالەمگە چاچىمەن.

ئۇ شۇنداق ئىلاھ ھەم قۇل!

ئېھ، قۇل! ئىزلىرىڭنىڭ سىيىنىڭ جەننىتىگە قالىدۇ. پىنھانلىقنىڭ قارىچۇقۇمدا تەمتىرەپ يۈرىدۇ.

2

سىز ئۈچۈن قەدىمىي باياۋانلارغا بۇلاقلار ئاچاي. چەكسىز باغ، ئورمانلار بەرپا قىلاي...

خالامسىز!؟

گەرچە مەندە كۈچلۈك قۇدرەت بولمىسىمۇ...

سىز ئۈمىد كۆزىدە قاراڭ:

ئارمىنىمنىڭ سۈرىتىدە قەترە-قەترە تېرىم بىلەن سىزىلغان بىر تال قارىغاي ئورۇقى بار.

مەن ئاللىقاچان كۆكرىكىمنى يېرىپ يۈرىكىمنى ئۈزۈمگە كۆرسەتكەن.

## يالغۇز قەبرە ناخشىسى

پەرىشان يەلپۈنچە ئۈستۈمدە ئەلەم،
كىشىلەر قەلبىدە باردۇر ئابىدەم.

## سەرسانلىق

مەن قاچانغىچە جەننەتنى ئىزدەپ يۈرىمەن؟ بەربىر ماڭا ھېچكىم سەدىقە بەرمەيدۇ.

## بىلەلمەسلىك

كائىنات سوئاللاردەك چەكسىز.

ھاياتلىق — كائىناتتىكى مەڭگۈ قەدەمدەش سوئال!

مەن كىمدىن سورايمەن؟

ئۆزۈمنىڭ مۇتلەق جاۋاب بولىشىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

ئىخ، ھېچنېمىسلەر!...

## ۋىسال

پاكلىق ئىلاھىسى چاچقان قەترىلەر توزان باسقان بەرگىسەرگە رەڭ بېرىپ ئۆتكىنىدە ... سېرىق رەڭلەر ھەيرەتتە قالدى.

يېشىللىقنىڭ شادلىق كۆيلىرى قەترىلەر گىرۋىكىدە چاقنىدى. كۆز ئالدىمدا مەن كۆندە كۆرۈۋاتقان، لېكىن سېغىنغان يېپيېڭى دۇنيا.

ھېسلىرىمىز مۇشۇ دۇنيادەك يېپيېڭى گۈزەل.

ياشىسۇن شۇنداق گۈزەل كۈن!

## سەھرا قىزى

ئۇ ۋىناستەك گۈزەل بولمىسىمۇ، سەھرا قىزلىرىدا ئۇچرىغان غۇنچىدەك گۈزەللىك بەخش ئېتەلەيدۇ.

ئۇ ھاياتلىقنىڭ شېرىنلىكى ئىچىدە غەمكىن.

سۆيگۈنىڭ ئىزتىراپلىرى ئىچىدە تەمكىن.

## ئىلتىجا

باھار ئىللىق شامallıرىڭنى يۇدۇپ ئىشىك ئالدىمغا كەلگىنىڭدە لەگلىكىمنى سوۋغا قىلىمەن. سەن ئۇنىڭ يىپىنى كۆزنىڭ غازاڭ - ياپرىقىغا باغلاپ قويما!

ئاھ، قىش! سەنمۇ قاتقان كۆز ياشلىرىڭ بىلەن باھارىمنى ۋاقىتسىز غازاڭ قىلما!

تۇنجى پىشقان ئۈجمىلىرىمنىڭ لەززىتىنى مەنمۇ سورەي.

## خامان

ئاپئاق ئايدىڭ.

مۇڭلۇق لايلايلار ① ... قورشالغان سوقما تاملاردا ۋە تورغاي ئۇۋىلىرىدا تونەپ چىقىدۇ.

باشاق — يۇلتۇزلار، يۇلتۇز — ساپسېرىق چاقنىغان ئالتۇن دان.

لەيلەپ يۈرگەن توپىلار تاڭ شامىلىنىڭ ئۇچرىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك چاڭگا ساقالغا يېپىشىدۇ.

تۇلۇقنىڭ غىچىرلىشى — سازسىز مۇزىكا، ئۇنىڭغا تەككەش بولۇۋاتقان مۇڭلۇق لاي - لاي. بۇ نوتىسىز، تېكىستسىز قەدىمىي سىمفونىيە.

① خاماندا ئېيتىلىدىغان تېكىستسىز ئاھاڭ — خامان ناخشىسى.

## دوستلۇق كۆيى

(«قىساس ئوتى» ناملىق كىنونىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشىدىن)

ئۇمىدلىك ئىڭراشقا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان مېھرلىك يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىۋاتقان ھىجران يىغىسى. ئېچىنىش، چىدىماسلىق ھېسسىياتى سىڭگەن زار - زار يىغا. ھاياجاندا سوقۇۋاتقان يۈرەككە، ئۇرۇنۇپ تۇرغان تومۇرلارغا گىرەلەشكەن ھالسىز تىنىق، جانسىز تومۇر، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سوققان يۈرەك.

بىرى دوستلۇق ئۈچۈن ھالسىزلانغان تەن، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئىشقىدا قىزىغان بەدەن!

سارغايغان يۈزگە ئېقىپ چۈشكەن قەترىلەر گىرۋىكىدە چاقنايدۇ رەڭلىك نۇرلار.

قۇرۇغان لەۋلەر ئارىسىدا ياڭرايدۇ بىر كۆي!...

ھالسىز تەن — كېچىكىپ كېلىدىغان دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي خۇشلۇقىغا بالدۇرلا بەخشەندە بولىدىغان دۈشمەنلىشىشنىڭ شادلىقىغا ئۆز ھاياتى ئارقىلىق جاۋاب بەردى...

تارام - تارام قەترىلەرمۇ ئېقىپ قۇرىدى، يەنىلا شۇ ھەسرەتلىك، ئەمما ياڭراق بىر كۆي!

× ×

كۆز يېشىم پۈتۈن ئالەمنى قاپلىغان ۋاقىتتا، داۋالغۇپ تۇرغان چەكسىز ياش دېڭىزىنىڭ ئۇپۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن بىر چېكىت پەيدا بولدى. مەن ھاياتتىن

ئۇنىڭدىن ئۆزگەندىم. يىراق كۆرۈنگەن چېكىتىنى نۇھنىڭ كېمىسى دەپ ئۆزۈمنى بەزلىدىم.

تەنھالىقىمنى — مەغلۇب تەنھالىقىمنى ئىرادەمگە خىلاپ گۈللىدىم.

قىل ئۈستىدىكى ھاياتلىقىمدا كۆردۈمكى، ئۇ نوھنىڭ كېمىسى ئەمەس، بەلكى غايەت زور كۆپۈك ئۈستىدىكى سېنىڭ جەننىتىڭ ئىكەن.

× ×

ئىخ، دىلبىرىم! سەن مېنىڭ ئەركەم!

سېنىڭ ماڭا قالدۇرغىنىڭ ھىجران ئازاب ئالەمى.

مەن سېنىڭ سوغ زىمىستانىڭنى قىزتىپ بىرىشقا پەيغەمبەر قىلىمەن. چۈنكى بىزدىكى بىردىنبىر ئورتاقلىق — ئېيتقادىمىز ئېيكۋاتور ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە ئىلاھ!

ئاخىرقى ھېساپتا ئاشۇ ئىلاھ — تەڭرى مەندىكى ئاتەشنى ساڭىمۇ سالىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن!

شۇ ۋاقىتتا تاش يۈرەكىڭنىڭ ئېرىمىگىنىنى كۆرەي!

× ×

ئامرىقىم، يىغلىما!

ھەر تامچە يېشىڭ مېنىڭ ھاياتلىق يالقۇنۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقىنىنى ئويلا!

ھەر تامچە يېشىڭنىڭ ئەمدىلا چىققان يۇمران تۆت قۇلاقلىرىمنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقىنىنى ئويلا!

ئامرىقىم، يىغلىما!

ھەر تامچە يېشىڭنى مەڭگۈ سېغىنىپ ئۆتەي، غايىبانە تۇتىيا قىلاي!

ئامرىقىم، يىغلىما!!!

× ×

ئېيتىڭ ناخشىسىدەك ھېس ئويغاتقۇچى ھايات مېنى بەزلىمە!

چۈنكى سەن كۆك ئاسماننى قويىنۇڭغا ئالغىنىڭدا، سېنىڭ مېنى ئىنتىزار قىلغان سايەڭنىمۇ تاپالماي قالىمەن.

زېمىن ساڭا جۈر بولغىنىدا مەنمۇ ئۆزۈم تەسىرلىنەلمەيدىغان ناخشىغا ئايلىنىپ قالىمەن...

گۈلگۈن ناخشاڭ ئۆچكەن ۋاقىتتا نازىركومنىڭ قايناق پەللىگە چىققان جىمىقىدىن باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ.

شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس ئېيتىزلىقىنى ئاردلاپ يۈرگىنىمنى سېزىمەن.

# پەلسەپىۋى نەسرلەر

سەنماۋ (تەيۋەن)

ئالىم خالىدىن تەرجىمىسى

**ھەل قىلالمىغان** مەسىلىگە ئۇچرىسىڭىز، بىرىدىپ بالىلاردىن سوراڭ. ئۇلارنىڭ پىكرى كۆپ ھاللاردا ئەڭ توغرا ھەم ئەڭ ئەمەلىي جاۋاب بولۇپ چىقىدۇ.

**مۇۋاپىق ھالدا** بالىنى ئەيىبلەش. بالىنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ بەك بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى قوزغىشى مۇمكىن.

بالا ئۆزىنى كىچىك دەپ قارىمايدۇ. چوڭلارنىڭ قايتا - قايتا چوڭ - كىچىكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى بالىنىڭ «پاكىتىنى تونۇش» نى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

**ئۆسمۈرلۈك** چاغ پەقەت ئەسلىمە ئىچىدە نامايان بولغاندىلا چەكسىز گۈزەللىككە ئايلىنالايدۇ.

**پۈتۈنلەي** كەمچىلىكى يوق ئادەمدە، يەنىمۇ كۆپ بەختنىڭ بولۇشى ناتايىن.

بىز ئوتتۇز ياش ۋاقتىمىزدا، يىگىرمە ياشلىق ۋاقتىمىز ئەمدى كەلمەيدۇ، دەپ ئەپسۇسلىنىمىز.

ئەللىك يېشىمىزدا، بەكمۇ گۈزەل ئۆتكەن ئوتتۇز ياشتا ئۆتكۈزۈلگەن تۇغۇلغان كۈنىمىزنى سېغىنىمىز.

توقسان توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ بىر ئۆمۈر تىنچ ئۆتۈپ كەتتى، بەخت بەلكىم تۇتۇلماي قالغان ئوغرىنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز.

**تۇرمۇش** ۋە ۋاقىتقا ئىشەنگىن.

ۋاقىت بارلىق كۆلپەتلەرنى يېنىكلەشتۈرۈۋېتەلەيدۇ. تۇرمۇش تېخىمۇ يېڭى خۇشاللىقنى يارىتالىشى ناتايىن.

**كىچىك** بالا چوڭ بولۇشنىلا ئويلايدۇ. ياشلار ساقاللىنىڭ تېز ئۆسمىگىنىگە ئاچچىقلىنىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىقلار چېچىنى بويايدۇ. ياشانغانلار قانچە ياشقا كىرگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشنى تازا خالىمايدۇ.

**بەزى** چاغدا ئۆزىمىزگە رەھىمسىزرەك بولۇشىمىز، ئۆزىمىزگە ئارتۇق ھېسداشلىق قىلىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

**يېڭىلىش** ئادەمنى ئازابلايدۇ. ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەر يېڭىلىشتىن كېلىپ چىققان تەجرىبىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاياتىنى تولۇقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئازابلىنىش يوقاپ كېتىدۇ.

**مېنىڭ** ھاياتىمدا، مەن ئاساسىي پېرسوناژ. باشقىلارنىڭ ھاياتىدا مەن بىر بەلگە، ئىلھام، ئۈلگە خالاس. ئەگەر بىز باشقىلارغا كۆيۈنسەك، بەلكىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىشىمىز مۇمكىن. لېكىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ باشقىلارنىڭ ھاياتىغا ۋەكالەتچى بولغىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ تامامەن باشقا بىر ھايات ئۈچۈن ياشىشىمىزغا مۇمكىن بولمايدۇ — باشقىلار بۇ ھوقۇقنى بىزگە بەرگەن تەقدىردىمۇ.

**ئۆزىنىڭ** قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىر خىل جاسارەت. ناچار ئىشلارنى زادىلا قىلماسلىق ئۇ يەنە بىر خىل جاسارەت.

**باشقىلارغا** رەددىيە بېرىشتىن قورقماڭ، ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ تۇتقان يولى توغرا بولسىلا.

**بىرسى** سىزگە تەلەپ قويغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىچىدە ئىككى خىل جاۋابنى تەييارلاپ قويغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قانداقلا جاۋاب بەرمەڭ، جاۋاب ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولىدۇ.

**باشقىلارنىڭ** كەمچىلىكىنى كەچۈرۈشنىڭ ھەممىسى گۈزەل ئەخلاق بولۇشى ناتايىن. ئۆزىگە پەرۋاسىز قاراشمۇ ئوخشاشلا بىر خاتالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك.

ھەر قانداق ئىشتا ھەر قانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭچە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. بىر — دوزاختا كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلىق بولۇپ، ھەقىقىي ئازابقا ئۇچرايدىغان پەقەتلا ئۆزىمىز.

شۇنداق قارىساق، گۈل ئالدىدا، ئاي يورۇقىدا، يامغۇر ياغقاندا ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلار ھامان ئاياللار. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاجىز ھېسسىياتنىڭ ئارقىسىدا، ئاياللارنىڭ كۆڭلىدىكى پىلانى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

ئايالىدىن قورقىدىغان ئەر نەدىمۇ ھەقىقىي قورقسۇن — ئايالى ئۇنىڭ سەۋەبىدۇر. ئاۋارىچىلىقنى ئازايتىش قالتىس ئىش. ئېرىنى بوزەك قىلىدىغان ئاياللار ھەقىقەتەن كۆيۈنگەننى بىلمەيدۇ، ئاۋارىچىلىقتىن قورقمايدۇ.

سەۋرچان ئايالنى ئەرلەر ناھايىتى ئاز نەزەردە تۇتىدۇ. تېخى پەرۋاسىز قارىشى مۇمكىن.

سەۋرچان ئەرنى ئاياللار ھەم كېرەككە كەلمەيدۇ دەپ ئوخشاشلا كۆزگە ئىلمايدۇ.

ئايال ئائىلىدە جابدۇلۇشۇپ كەتسە، ئەر بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئايال ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسە، ئەر ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى ئاندىن بىلىدۇ.

توي قىلمايدىغان ئاياللار كۈنسېرى ئاشماقتا، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاجرىشىپ قايتا توي قىلىدىغان ئەرلەر ئەزەلدىن كۆپ. بۇ يەنە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەر - ئايالنىڭ كۆرۈشى ئەلمىساقتىن تارتىپ مەۋجۇت. ئەر ۋە ئايال ئۇرۇشسا، ياشاشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

ئەر ۋە ئايال بولماق ھەقىقەتەن تەس.

پۇل تەڭداشسىز نەرسە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكايە كۆپ ھاللاردا مۇھەببەت توغرىسىدا.

مۇھەببەت بىر زور كۈچ. دۇنيادا كىشىلەر بۇنداق زور مۇھەببەت كۈچى بىلەن پۇلنى قوغلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ كۈچى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ئەڭ كۆپ سۆز تېمىسى ھامان پۇل. پۇل، پۇل، پۇل يەنە پۇل.

پۇل قەھرىمانلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ پۇل گۈزەل قىزنى سېتىۋالالايدۇ.

دۇنيادىكى كومېدىيىلەر پۇلسىزمۇ يۈز بېرىدۇ. دۇنيادىكى تراگېدىيىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پۇل بىلەن چىقىشالمىغان.

پۇل بىلەن سېتىۋالغان نەرسە قىممەت بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. غەيرەت قىلىپ ئېرىشكەن پۇلمۇ قىممەت بىلەن تەڭ بولمايدۇ.

ئۆز پۇلىمىزنى ئېھتىيات بىلەن قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن دەپ ئاتىۋالىمىز. باشقىلارنىڭ پۇلىنى قانداقلا قارىساق ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كاتىپنىڭ خاتىرىلىرى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەركىن روزى

## مۇقەددىمە

سىز ئەگەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىسىڭىز پىكىر بايان قىلالمايسىز؛ بىپايان، مۇنبەت زېمىنلاردا تەر تۆكۈۋاتقان، تەبىئەت بىلەن چېلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بارمىسىڭىز، ئۇلارنى ئويلىمىسىڭىز ئۇلارنى قەدىرلىگەن بولمايسىز؛ ئېسىل ماكان دېيىلىۋاتقان بۇ شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىغا، چەت-ياقا جايلىرىغا بارمىسىڭىز شىنجاڭلىق بولغىنىڭىز بىلەن بۇ شىنجاڭ خەلقىنى چۈشەنگەن بولمايسىز؛ سىز ئۆز خەلقىڭىزنىڭ غېمىنى يەيدىكەنسىز، خەلقىڭىزنى سۆيىدىكەنسىز، ئۇلارغا ئىلھام بېرىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشىڭىز كېرەك؛ ئەگەر ھېسسىيات جەھەتتە مەن بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولسىڭىز، مەن سىزگە ئىقتىدارلىق، زېرەك بىر كاتىپنىڭ خاتىرىسىنى تەقدىم قىلاي، خاتىرىنىڭ مەزمۇنى سىزنى ۋە بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇغان ئەل سۆيەر كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىشىغا ئىشەنچىم كامىل.

### 1. تۇنجى قېتىملىق سەپەردە...

بىز جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقتۇق.

بۇ دەل 80 - يىللارنىڭ توققۇزىنچى باھارى ئىدى. تارىم دەرياسىنى بويلاپ تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىققانلىقىم ئۈچۈن ھەمدە رەھبەرلەرگە ياردەمچى بولۇپ تەيىنلەنگىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. بىز دەسلەپكى نىشانغا يېتىپ كەلدۇق. تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى. «قائىدە» بويىچە كەچتە مېھمان بولدۇق. ئەتىسى يېزىلارنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئاساسلىق تەكشۈرىدىغىنىمىز دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەھۋالى ئىدى. بىزگە ناھىيىدىن بىر قانچە كادىر ھەمراھ بولدى. مانا، ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن، بىز تۇپىلىق يوللار، سالا - سالا ئېتىزلار، پاكار، كونا ئۆيلەر بىلەن قورشالغان مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ، بىر دېھقاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشتۇق (ئارىمىزدىكى بەزىلەر ماشىنىدا ئۇخلاپ قالغانىكەن، مەن ئويغىتىپ قويدۇم). بىزنى ساقاللىرى ئاقارغان، مىغىرىم ئىسسىق بولۇۋاتسىمۇ چىپىرقۇتتىن ئىشتان ۋە يەكتەك كىيىۋالغان ساھىبخان كۈتۈۋالدى. مەن ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. ھويلىنىڭ

ئوڭ تەرىپىدە «كەپتەر» ماركىلىق يېپيېڭى ۋېلىسىپىتتىن ئىككىسى، چىرايلىق جابدۇلغان ئات هارۋىسى تۇرىدۇ. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە يۈز ۋات ئەتراپىدىكى خېلى يوغانلا بىر ئېلېكتىر لامپۇچكىسى ئېسىقلىق تۇرىدۇ. هويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى كاڭدا ئون نەچچە تاغار ئاشلىق تۇرىدۇ. مەن ئۇنى بۇغداي بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. بىز ئۆيگە كىردۇق، ئۆي ئىچى خېلى ياسىداق بولۇپ، كىگىز ۋە گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن. بىر بۇلۇڭدا چىرايلىقىنا تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە «قازلەيلىسى» ماركىلىق رەڭلىك تېلېۋىزور تۇرىدۇ. هەيران قالدىم، بۇ دېهقان بىزنىڭ باشلىقىمىز باي ئىكەن. گىلەم سېلىنغان كارىۋاتتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، ئۈزۈم، نەشپۈتلەر يېگەن بىرهازا مېهمان بولدۇق، ئاندىن دېهقاننىڭ ئەهۋالىنى ئىگىلەشكە كىرىشتۇق:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئىسمىم جالالىدىن مۇللاك، ئاتمىش ياشقا كىردىم.

— هازىرقى ئەهۋالىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ. هازىرقى ئەهۋالىم ناهايىتى ياخشى. بۇ يىل ئاشلىق ۋە پاختىدىن مول هوسۇل ئالدىم. ئائىلىمىزدە ئالتە جان ئادەم بار. بىر يىللىق ئومۇمىي كىرىم هەر بىر ئادەم بېشىغا تۆت يۈز يۈەندىن توغرا كەلدى. پانكىدا ئۈچ مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلىمىز بولغاندىن سىرت، يەنە ئائىلىمىزگە تەۋە يىگىرمە تۇياق قوي، ئىككى كالا، بىر ئات، بىر هارۋا، ئىككى ۋېلىسىپىت، بىر تېلېۋىزور بار. ئائىلە بويىچە سەككەن مو يەرنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. كۈنىمىز ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ، تەشكىلىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا باشقىلارغا ئوخشاشلا بىزمۇ باي بولدۇق...

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەۋېتىپ خۇشال بولدۇم. دېهقانلىرىمىزمۇ شۇنچىلىك كۈنگە ئېرىشىۋالغان بولسا كارامەت ئۆزگىرىش بوپتۇ، زامانغا لايىقلىشىش دېگەن شۇ.

ئۇلار ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تاماققا تۇتۇش قىپتۇ. سۆزلىشىش، ئەهۋال ئىگىلەش ئاخىرلىشىپ، دېهقان، ناهىيە كادىرلىرى ۋە بىزنىڭ كادىرلار ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. مەن سەهرانىڭ ساپ هاۋاسىدىن نەپەس ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم. يول بويىدىكى بىر جىگدە كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ، بىز مېهمان بولۇۋاتقان ئائىلىگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئۈچ كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. مەن بىر تال تاماكا چىقىرىپ، ئۇلاردىن سەرەڭگە سورىغاننى باهانە قىلىپ يېنىغا باردىم ۋە هەر بىرىگە سالام قىلىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قانداق، بۇ دېهقاننىڭ ئەهۋالى ياخشىمىكەن؟ — سورىدى ئاردىن بىرسى.

— ياخشىكەن، دېهقانلار هەقىقەتەن باي ئىكەن.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈپ كەتتى.

— سىلەر خاتالاشتىڭلار، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كەلسەڭلار، بۇ ئائىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىسىلەر. سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، بەش كۈن بۇرۇن مۇشۇ ئائىلىگە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر كىگىز-گىلەم، ۋېلىسىپىت، تېلېۋىزور، ئات... دېگەنلەرنى يۆتكەپ كېلىشتى. سىلەر سەل تۇرۇپ يەيدىغان پولونىڭ گۈرۈچى ۋە گۆشىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ كېلىنگەن. يۇقىرىدىن كادىرلار كەلسىلا مۇشۇنداق قىلىنىدۇ، سىلەرمۇ ئالداندىڭلار.

مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ «مۇشۇنداق قىلىنىدۇ» دېگىنى ماڭا ھار كەلدى؛ دېمىسى چوڭقۇر ئويغا سالدى. شۇ ئەسنادا، تۇيۇقسىز يول بويىدا يۈرگەن جۇل-جۇل كىيىملىك بالىلارغا، سوقما تام قىلىپ سېلىنغان پاكار ئۆيلەرگە كۆزۈم چۈشتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، خالىغان ئۆيگە كىرىشكە باشلىدىم. مانا ماۋۇ ئائىلىگە قاراڭ، ھويلىدا كونا ئوچاق، تام تۈۋىگە قوناق شاخلىرى دۆۋىلەنگەن. ئۆيدە لېۋى سۇنىپ چۈشكەن كاڭدا ئۇ يەر-بۇ يېرى تېشىلىپ كەتكەن رەڭگى ئۆچكەن ئىككى پارچە كىگىز سېلىنغان. ئۆينىڭ تۆردىكى ساندۇق ئۈستىگە كونا يوتقان-كۆرپىلەر يىغىلغان، ئىچكىرىكى ئۆيدە قاغجىرىغان، بىر قۇلىقى يوق قازاندىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. مانا ماۋۇ ئائىلىگە قاراڭ، بىر ئېغىزلىق ئۆي، ئۆينىڭ تاملىرى، تورۇسلىرى قارىداپ كەتكەن. ئۆينىڭ ئۆگزىسى بىر قانچە چوڭ بادىرا گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئۈستىگە كەندىر شېخى، قومۇشلار يېيىلىپ ئاندىن توپا بىلەن كۆمۈش ئارقىلىق يېپىلغان... مانا بۇ ئائىلىگە قاراڭ، ئوخشاشلا نادىرات، پەرقلەنمەيدۇ. بۇلاردا ئەجەب ئۆزگىرىش بولماپتۇغۇ؟ ئائىلىلەرنىڭ يەپ-ئىچىدىغان نەرسىلىرى بار ئىكەن، ئەمما ئېشىنچا ئاشلىقى، ئالماشتۇرغىلى كىيىمى، بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلى يوق ئىكەن. مەن بۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بەزى دېھقانلار ھەتتا بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئالداش ئېغىر ئىكەن. بىزنىمۇ ئالداپ، ئۆزلىرى جابدۇغان بىر ئائىلىگە باشلاپ كىرگەن ھېلىقى يوغان قورساق يېزا باشلىقىغا، بىزگە ھەدەپ خۇشامەت قىلىۋاتقان كادىرلارغا ئاچچىقىم كەلدى. مەن دېھقانلار ئۆيلىرىدىن يېنىپ چىقىپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا ھېلىقى كىشىلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم.

— قانداق كۆرگەنسىز؟ باشقىلارنىڭ سىلەرنى كولدۇرلىتىشىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، سىلەر ئالدىن تەييارلانغان ئائىلىگە كىرىپ قورساقىڭلارنى باقىسىلەر، شۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيسىلەر؛ سىلەرگە تازا كۆپتۈرۈپ تونۇشتۇرىدۇ. سىلەر خوشال بولۇپ، يېزىمىزنى، يېزا باشلىقىنى، ناھىيە كادىرلىرىنى بولدى دېگۈچە ماختايسىلەر، قايتىپ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن تەقدىرنامىدىن بىرنى ئەۋەتىسىلەر، بۇنداق ئىشنى بىز تولا كۆردۇق.

— سىلەر ئىنكاس قىلساڭلار بولمامدۇ؟

— بىزنىڭ گېپىمىزنى كىم ئاڭلايدۇ؟ يېزا دېگەندە يېزا باشلىقىنىڭ دېگىنى ھېساب، بىزدە ئاۋارە بولغىنىمىز قالىدۇ.

بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ گەپ

قىلالمىدىم. مەن بولسام ئاددىي بىر كاتىپ، ئۇلارغا ئارتۇق سۆزلەشكە ۋە يول كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. لېكىن بۇنداق ئېغىر مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلاش كېرەك. يېزىلارنى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا يەتكۈزۈش ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. تۆۋەننىڭ يۇقىرىنى ئالدىشى توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئىستىلىنىڭ ياخشى بولماسلىقى دېھقانلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ تۆۋەنتىكى يېزىلارغا قاراتقان سىياسىتى توغرا، بولۇپمۇ شىنجاڭ يېزالىرىدا قارىتىلغان سىياسەتلەر ئەگەر ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولسا، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۆزلۈكسىز ياخشىلىنىدۇ. ئېتىبار بېرىش يار-يۆلەك بولۇش، يېزىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى سىياسەتلەر دەل ئاشۇنداق تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئەگەر تۆۋەن يۇقىرىنى ئالداش، تۆۋەندىكى كادىرلار كۆز بويامچىلىق قىلىپ خۇشامەت قىلىش، ياخشىچاق بولۇش ئەھۋاللىرى داۋاملىشىدىغان بولسا، تەدبىر قوللىنىلمىسا، ئەمەلىي ئەھۋال ئېنىقلانمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ يېزىلارنى چۈشىنىشى، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشى يېتەرسىز بولىدۇ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، تېخنىكا جەھەتتىكى ياردەم بېرىش ۋە تەڭشەش مۇۋاپىق بولماي قالىدۇ ھەمدە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئالدامچى، خۇشامەتچىلەرنىڭ دوكلاتلىرىغا قانائەت قىلىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشەنچلىك بولمىغان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى يېزىش ۋە ئۇنى ئېلان قىلىشنىڭ تولىمۇ بىپەرۋالىق قىلغانلىق، زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

يۇقىرىقى تەسىراتلىرىمنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 80-يىللارنىڭ ھارپىسىدا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى چەرچەن ناھىيىسىگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا سادىر بولغان بەزى كۈلكىلىك ئەھۋاللارنى ئەسكە ئالدىم. بۇنىمۇ بۈگۈنكى خاتىرەمگە قوشۇپ قويۇشۇم كېرەك بولدى. ئۇ چاغدا ناھىيە رەھبەرلىرى ئالدىن تەييارلانغان بىر ئائىلىگە نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرنى يۆتكەپ ئاپىرىپ، يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنى ئاشۇ دېھقان ئائىلىسىگە باشلاپ كىرگەن ھەمدە بۇ ئائىلە ئارقىلىق چەرچەن ناھىيىسىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى نامايان قىلماقچى بولغان. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى خالىغان ئائىلىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەھۋالنىڭ تامامەن باشقىچە ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەنقىد قىلغان. شۇ قېتىمدا ناھىيە رەھبەرلىرى يەنە چەرچەن ناھىيىسىدە ئەزەلدىن ھارۋىكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بىر كىشىگە: «ئەگەر سەيپىدىن ئەزىزي

www.uyghurkitap.com


سىزدىن ھارۋىنى نەگە ھەيدەيسىز؟ دەپ سوراپ قالسا، «سىز يىراق كوممۇنىزمغا ھەيدەيمەن، دەپ جاۋاب بېرىڭ» دەپ گەپ ئۆگەتكەن ھەمدە سەيپىدىن ئەزىزنى شۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە باشلىغان، ئەمما ھېلىقى كىشى يولداش سەيپىدىننىڭ سوئالىغا: «ھارۋىنى ئوتتۇن بار جاڭگاللىققا ھەيدەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. نەتىجىدە ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئۇ ئادەمگە قاتتىق كايىپ كەتكەن.

ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك مۇھىم ئىشتا يەنىلا يۇقىرىنى ئالداش ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يىلنىڭ بېشىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش لى گۈيشىن جاڭگىغا كېلىپ قەشقەر يېزىلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، كۆپتۈرۈپ دوكلات قىلىشلار بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا غايەت زور ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى سەزگەن.

ئەمەلىيەتتە، ساقلانغان ھەر قانداق ئەھۋال ھامان يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا ئەينەن يەتكۈزۈلۈشى كېرەك. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، توغرا سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ساپلىقىغا، بيۇروكراتلىقنى يوقىتىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ئالدامچىلىق ئالدىدا

بىز بۇ ناھىيەدىكى تەكشۈرۈشلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، «ب» ناھىيەسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ ناھىيە بىزنىڭ يەنە بىر تەكشۈرۈش نىشانىمىز ئىدى. بىزگە مەسئۇل يولداشنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، بۇ ناھىيە تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، بىز يول بويىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ توختاپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردۇق ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. مەن خاتىرە يېزىشقا كىرىشتىم.

— ئائىلىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق؟

— خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا ياخشى.

— قانچىلىك مال - مۈلكىڭىز بار؟

— بىر ئېشەك، ئىككى قوي بار، قىرىق مو تېرىلغۇ يەر باشقۇرىمەن.

— بانكىدا ئامانەت قويغان پۇللىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق، دېھقانچىلىقتىن تاپقان پۇللىرىمىزنى قەرز قايتۇرىمىز دەپ تۈگەتتۇق.

— سىز تۇرۇۋاتقان بۇ كەنتتە بۇ يىل كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم قانچىلىك بولدى؟

— بىلمەيدىم.

× ×

يەنە بىر دېھقاننىڭ ئۆيى.

— سىز دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنامسىز؟

— شۇنداق.

— كىرىمىڭلار قانداقراق؟

— بۇ يىل ئاشلىقتىن كۆپ نەرسە چىقمىدى. دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىيالماي، ئاشلىق ئۆتنە ئېلىپ سېتىپ بەردۇق.

— ئۆزۈڭلار يەيدىغان ئاشلىقچۇ؟

— ھازىرچە يوق، قەرز ئېلىپ يەپ تۇرارمىز.

× ×

مەن كاتىپلىق سالاھىيىتىم بىلەن بۇ دېھقانلارنىڭ سەممىمىي جاۋابلىرىنى ئەينەن خاتىرىلىۋالدىم. بەزى دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەنە قىسمەن ئائىلىلەر دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، سىيالكا، كوەبايىن ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى تېخى تۆلىمەپتۇ، يەنىلا قەرزدار ئىكەن. ئۇلار كېلەر يىللىق ئاشلىق سېتىپ بېرىشتە چىققان دارامەت ئارقىلىق قەرز قايتۇرماقچى ئىكەن.

بىز ناھىيىگە كىردۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرغان «تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى»مۇ قايرىلىپ قالدى. ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا مەسئۇل كادىرلىرى ئەھۋال تونۇشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ناھىيىدە مول ھوسۇل يىلدىن-يىلغا ئېشىپتۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپتۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى ئۈنۈملۈك، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىپ، نامراتلار مەۋجۇت ئەمەسكەن. بۇ يىل بۇ ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ يۈز يۈەندىن توغرا كەپتۇ...

مەن گاڭگىراش، ئەجەبلىنىش، ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن يۇقىرىقىلارنى خاتىرىلىۋالدىم. بىزگە مەسئۇل بولۇپ كەلگەن باشلىق دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىزنىڭ ماشىنىغا چىقىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى ئېلىپ، بىز يول بويى تەكشۈرگەن ئائىلىلەرنى ھەممىدە باشقا كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ چىقتۇق. بەزىلەر قىزاردى. بەزىلەر دۇدۇقلاپ قالدى. ئەمما ئاق كۆڭۈل دېھقانلار خۇددى بىزگە جاۋاب بەرگەندەكلا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەردى. يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق ئاشكارىلاندى، مەن خۇشال بولدۇم، بىزنىڭ باشلىققا ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە، ئۇ نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرسى. ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش، دوكلات قىلىشتىكى مەقسەت — تۈرلۈك ئاماللارنى قوللىنىپ نامرات دېھقان-چارۋىچىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش، ھەقىقىي يوسۇندا خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

مەن ماتېرىيال سومكامدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئالدىم. «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» تا مۇنۇلار يېزىلىپتۇ: «بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ساختىپەزلىك قىلغان. ئۇلار ئىستىل جەھەتتە مۇبالى-

ھەقچىلىك قىلىنغان. بۇ يېزا كۆپ يىللاردىن بۇيان مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاست، ناھىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، نەپەقە بېرىدىگەنلەرگە يار-يۆلەك بولۇش قاتارلىق ئون بەش جەھەتتىكى يىگىرمە بىر لەۋھەسى ۋە تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن. بۇ يېزا ئاشلىق دەھسۇلاتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم قاتارلىق جەھەتلەردە سانىنى قاتلامۇ-قاتلام ئاشۇرۇپ، مۇبالىغە قىلىپ يالغان مەلۇم قىلغان. بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم ئەمەلىيەتتە ئاران ئۈچيۈز ئون ئىككى يۈەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۈچ يۈز توقسان سەككىز يۈەن ئىككى مو بەش پۇڭ دەپ مەلۇم قىلغان. دۆڭباغ كەنتىدە 1989-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم ئەمەلىيەتتە ئاران بىر يۈز ئوتتۇز يۈەن بولسىمۇ، بىراق ئاھالىلەر كومىتېتى ئىككى يۈز قىرىق يۈەن دەپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۈچ يۈز قىرىق بىر يۈەن دەپ مەلۇم قىلغان. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار كىرىمگە دەرەخ يوپۇرمىقى، ئۈجمە ۋە سامانلارنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغان. مەلۇم بىر كەنت 1989-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمىنى دەسلەپتە ئۈچ يۈز ئاتمىش يۈەن دەپ يەكۈنلىگەن ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. يېزا باشلىقى ئۇلارنى تەنقىدلەپ: «سىلەرنىڭ كەنتىڭلار باشقا كەنتلەردىن باي، باشقا كەنتلەرنىڭ ھەممىسى تۆت يۈز نەچچە يۈەن دەپ مەلۇم قىلدى. سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا يېتىشەلمەيسىلەر؟» دېگەن. راست گەپ قىلىپ تەنقىدكە ئۇچرىغانلىقتىن كەنت رەھبىرى بۇغا ئېيتىدۇ: «كىرىمنى ئون پىرسەنت ئاشۇرۇپ، چىقىمنى بەش پىرسەنت تۆۋەنلىتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى ئۈچ يۈز توقسان توققۇز يۈەن قىلىپ ھېسابلاڭ» دېگەن.

قاتلامۇ-قاتلام مۇبالىغە قىلىش يۇقىرىنى ئالداپ يالغان مەلۇم قىلىش ئاخىرى دېھقانلارغا ئاز بولمىغان زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ ئاشۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمىز بۇلارنى ئويلىمىدىغاندۇ؟

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەلگىلىمىسىدە يېزىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمى — كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم ئىككى يۈز يۈەنگە يەتكەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئىككى يۈز يۈەنگە يەتمىسە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ھېسابلانمايدۇ. بەزى جايلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم يۇقىرىقى سانغا يېقىنلاشمىغان بولسىمۇ، شۇ جايدىكى بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆز يېزىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، يالغان مەلۇمات بېرىپ، رىئاللىق ئالدىدا كۆز يۇمۇپ ئالدامچىلىق قىلمۇۋېتىپتۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆزىنى قابىلىيەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن يۇقىرىنى ئالداپ، بەزى سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىۋېتىپتۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە دېھقانلارنى ئۇزاققىچە نامرات قالدۇرۇشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغانلىق. بۇ مەسىلە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك.

## خاتىمە

كاتىپنىڭ خاتىرىلىرى ئاخىرلاشتى. بىز ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتتۇق. ئۇنىڭ خاتىرىسى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويغا سالىدۇ. ھەممىمىز مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، بىزدە ئۆز جەمئىيىتىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. يېزىلارغا قارىتىلغان بولۇپمۇ شىنجاڭ يېزىلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلەر ھەممىمىزگە ئېنىق. ئەمما ھەر قانداق سىياسەت، تەدبىر يەنىلا ئادەم ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. ئادەملەر سەممىي، ئىشەنچلىك بولۇشى، ئادەملەر بىر-بىرىگە مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئۆزلىرى ئانچە-مۇنچە ياخشى كۈنگە ئېرىشكەن كىشىلەر، مىسكىن كەلپىلەردە غەم-ئەندىشە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. ئاھالىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان چاپاكەشلەرگە يار-يۆلەك بولۇش، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىشىگە ئىمكانىيەت بېرىش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئادەملەرنى بەختلىك قىلىش غايىسى بولۇشى كېرەك. غايە، ئۈمىد ھاياتلىقنىڭ چىرىغى.

ئەگەر كادىرلىرىمىز، كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقان كىشىلىرىمىز سەممىي، ئەخلاقلىق بولمىسا، قېرىنداشلارنىڭ ھالىغا يەتمىسە، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ھەقىقىي ئىنكاس قىلالمىسا ئەلۋەتتە يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ، زامانىنىڭ تەلىپىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

كۆز بويامچىلىق بىلەن ئېرىشكەن لەۋھەلەر، تەقدىرنامىلەر توشۇپ كەتسىمۇ، ساختىپەزلەرنىڭ نامى-شۆھرىتى ھەدەپ تەشۋىق قىلىنسىمۇ بەرىبىر قاملاشمايدۇ. تارىخنىڭ، رىقابەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىزگە ئاش-نان بېرىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز زىيان تارتىدۇ.

سەممىيلىك ۋە راستچىللىق ئەزەلدىن ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزۈپ كەلدى، بۇ بىر ھەقىقەت. ئەلۋەتتە يۇقىرىدىكىلارنى ئومۇمىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئاشۇ قىسمەن ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە سالمىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش، قارشى تۇرماسلىق ۋىجدانلىق كىشىلەر ئۈچۈن نومۇستۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرلار

# تۇرپان بوياقلىرى

خېۋىر تۆمۈر

بوياي دېمەن گۈزەل تۇرپان دىيارنى،
نۇرماكانى ھارارەتنى — باھارنى.
ئاڭا كېرەك كۆپ خىلدىكى رەڭ بوياق،
بۇ دىيارنىڭ قەدىمىلىكى بەك يىراق.
شۇنچە ئۇزۇن تارىخى بار دىيارنى،
مىڭلاپ يىللار داۋام قىلغان باھارنى.
مۇمكىن ئەمەس بىر خىل رەڭدە بويىماق،
خېلى مۇشكۈل يۈك قەلەمنى چىلىماق.
يالقۇنتاغنىڭ يالقۇنجىغان تۇپرىقى،
شۇ تۇپراقتا ئۆسكەن گۈلى ياپرىقى.
شەھىرى يارغول ھەم بېزەكلىك غارلىرى،
قەدىم دەريا كەسمە گوداڭ - يارلىرى.
قانچە مىڭ يىل باسقان يولى ئىزلىرى،
ئون ئەسىردىن ھالقىغان كارىزلىرى.
يەر ئۈستى سۇ يەر ئاستىغا قاچقاندا،
سۇ قوغلىشىپ كارىز - قۇدۇق چاپقاندا.
قانچىلىك يەر تىلما بولۇپ ئويۇلغان،
قانچىلىك كۈچ، ئەقلى تەرلەر قۇيۇلغان.
بىر زامانلار دەريا ئېقىن كۆپ بولغان،
دەريا بويلاپ ئاستانىلار قۇرۇلغان.
دەقىيانۇس، قوچو — ئىدىقۇت ھەم يارغول،
بىر مۇنچىسى «غايىب شەھەر» دەپ ئاتالغان.
قېنى ئۇلار... شاۋقۇنلىغان دەريالار،
قېنى ھەيۋەت ئاستانىلار، شەھەرلەر،
قارا قوچو قېنى ئىدىقۇت خانلىقى،
قېنى قۇتلۇق ئوردىسى دەۋرانلىقى.

شەھىرى يارغول ئاۋات بىنا بولغاندا،
دەريا سۈيى ئاققان شەھەر ئالدىدا.
ئەمما سۇلار تۇپراق شوراپ ئاققاچقا،
قىرغاق چىقىپ ئەسىرلەرنى چاتقاچقا.
شۇ قىسمەتتە تۇپراق كېسىپ بۇ غولنى —
دەريا سۈيى ئويۇپ چىققان يارغولنى.
غول سۇ ھازىر ئوتتۇز مېتىر تۆۋەندە،
شەھەر قالدى سۇسىز ئېگىز دۆڭلۈكتە.
بۇ قىسمەتتە ئۇزۇن تارىخ جەريان بار،
ئويلاپ كۆرسەك بىزنى ھەيران قالدۇرار.
بىز بۇ ھەقتە توختاپ ئۆتمەي بولامدۇ،
يازماي كەتسەك ئاڭا كۆڭۈل ئۇنامدۇ!
بېزەكلىكتە بۇتپەرەسلەر — بۇددىستلار،
ئۇيغۇر ئىدى قول ھۈنەردە چەبدەستلەر.
ئېتىكاپقا تۇتقان ماكان بېزەكلىك،
غارلار قازدى ھېكمەتلىك ھەم سەنئەتلىك.
تائەت قىلدى كېچە شامى ئۆچكۈچە،
جىرىڭلايتتى قوڭغۇراقلار كەچكىچە.
ئىسلامچىلار كەلدى ئۇيغۇر قەشقەردىن،
تۇغلار تارتىپ ئوت چاچرىتىپ خەنجەردىن.
ئېتىقادتىن ئاسان ئەمەس ۋاز كەچمەك،
ئىبادەتنى - بۇت چىراغنى ئۆچۈرمەك.
ئارىلىقتا جىھات بولدى ئاقتى قان،
يەر چىشلەشتى شۇنچە تاتلىق شېرىن جان.
بۇزغۇنچىلىق ۋەيرانچىلىق ئاز ئەمەس،
پاجىئەگە كىم ئۆكۈنمەس - ئېچىنماس.

بۇ تـارىخنى بوياپ چىقماق ئاسانمۇ،
قەلەم تۇتماي جىسمجىت يېتىش ئوقسانمۇ!
بىر ھەقىقەت ئايان بىزگە ــ ھەممىگە
تارىخنى بىلمىگەنلەر ئىنسانمۇ؟!

2

بوياق بېرەي ئانا تۇپراق دىيارغا،
نۇرما كانى ھارارەتكە ــ باھارغا.
ئانا دىيار بەك گۈزەلدۇر بەك گۈزەل،
نۇر تويۇنغان سۇلىرى تاتلىق ھەسەل.
گۈل پۈرايدۇ باغرى، بۈيلۇق باغلىرى،
مېۋىزار تەكلىكلىرى جەننەت مەسەل.
ياختا گۈلزارىدا ئاپئاق ياختىلار،
سالا ـ سالا كەك ئېتىزلار تاختىلار.
تاۋلىنىپ جىلۋە قىلار كۈن نۇرىدا،
ياگرىغان قۇتلۇق ـ سائـادەتلىك سادا.
خوپ چىرايلىق قامىتى ساز قىزلىرى،
ياختىزارلىقتا نازاكەت ئىزلىرى.
ئىشچان كېلۇر باتۇر بىلەك ئوغۇللىرى،
مول ھوسۇلدىن شادىيان مەرغۇللىرى.
باغدا بۇلبۇل تاغدا كاككۇك سايرىغان،
گۈل چېچەكتە مال ـ ۋارانلار يايرىغان.
بۇ دېمەك بەختۇ ـ سائادەتتىن دېرەك،
رەڭ بېرىپ ھـۆسنىنى تـولدۇرماق كېرەك.
گەپ بۇ يەردە قانداق بوياپ چىققۇلۇق،
قانداق قىلىپ بۇ مەقسەتكە يەتكۇلۇك.
گۈل ھۆسنىنى گۈلدەك ئاچماي دىيارنىڭ،
ئاخىرەتكە قانداق دېمۇ كەتكۇلۇك!

3

تۇرپان ئۆزى قىزىق يۇرت بۇ، نۇر بىلەن
ھەممە يېرى قاپلانغان يالقۇن بىلەن.
دولقۇنلىنار نۇر تالاسى مەشۇتتەك،
بوستانلىقلار شايە، مەخمەل، ئەتلەستەك.
گۈل بەرگىگە چېكىلگەن كۆپ ئالتۇن زەر،
ھەممە يەردە تاۋلىق ئالتۇن چېچەكلەر.
ئادەملىرى ئۇدۇل سۆزلۈك ھەم جانلىق،
نۇرغا قانغان يۈرەكلىرى ۋىجدانلىق.
مەرد كېلىدۇ زۇلمەت بىلەن خۇشتى يوق،
تەۋرەپ كەتسە بوش ئىش قىلغان پۇشتى يوق.
تارىخلاردا ئوت يۈرەكلەر كۆپ چىققان،
سەھىپىلەر داستانلارغا لىق تولغان.
ئامۇرلارمۇ، لىگالارمۇ چىققانمۇ،
ئەھمەت تاماق كىشەن ـ زەنجىر چاققانخۇ!
يېغىلىقلار ئىز قوغلىشىپ قوزغىلىپ،
ئات ئويىنتىپ چاڭ ـ توزانلار توزغىتىپ.
ئەر يىگىتلەر قالتىس مەردلىك كۆرسەتكەن،
زۇلۇم ـ زىندان، زالىملارنى تىترەتكەن.
يېغى چىقسا، مۇستەبىتلەر بولدى پاش،
چۈنكى ئۇلار شۇ باھادا كەستى باش.
كەسكەن باشنى ئاچا يولغا ئاساتتى،
شۇ يول بىلەن ئەلنى باسماق بولاتتى.
كۆپ كىشىلەر بولدى شۇنداق قۇربانلىق،
ئوتتۇز ئۈچتە ① توقسۇن، تۇرپان، پىچانلىق،
ئابدۇخالىق ئويغۇرمۇ شۇ يىللاردا،
ئات ئويناتقان ئازادلىقنىڭ يولىدا.
ئومۇ كەتتى شۇ نۆۋەتتە قۇربان بوپ،
كۆك ئاسماندا مەڭگۈ ئۆچمەس چولپان بوپ.
بۇنى يازماي رەڭدار سىزماي بولامدۇ!
شۇنداق قىلماي ئارمانسىز قانامدۇ!
قانغا ـ قان رەڭ بوياق بېرىپ سىزمىساق،
ساپ ۋىجدانلار ماقۇل دەمدۇ ـ ئۇنامدۇ؟!

4

بوياش كېرەك گۈزەللىكنى ــ دىيارنى،
سائادەتكە نۇرغا تولغان باھارنى.
كۆركەم باھار ئېپىشلىككە چۆمۈلگەن،
ئىللىق قۇياش نۇرلىرىغا كۆمۈلگەن.
ئۇندا راۋان تۆمۈر يوللار، تاشيوللار،
قاتناپ تۇرار ماشىنىلار ـ پويىزلار.
ئېپشەك، سۆگەن ئىستېمالدىن قېپقالغان،

① 1933 ـ يىلىدىكى قۇمۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىشى نەزەردە تۇتۇلمدۇ.

www.uyghurkitap.com



پىكاپ، مىيەنباۋ، تىراكتور ئورۇن ئالغان.
رول تۇتماقتا سائەت تاقىغان ئوغۇللار،
قىز بېشىدا يەلتىرلايدۇ زەر گۈللار.
كۈلكە چىراي شوخ تەبەسسۇم قامەتلىك،
بۈگۈن خەلق نېمە دېگەن ئامەتلىك.
ھەممە يەردە موتوتسىكلارنىڭ ئاۋازى،
كۆك ئاسماندا لاچىن-قۇشلار پەرۋازى.
كوچا-كويلار تەك ئۈزۈملۈك باراڭلىق،
ماڭساق راھەت نېمە دېگەن ئاراملىق.
ساپاق-ساپاق مەرۋايىتلار ئېسىلغان،
بوستانلىقتا دوستلۇق گۈلى ئېچىلغان.
شەھەر-يېزا، ئۆي-ئۆيلەردە چىراغلار،
تويغا چۈشكەن يۇلتۇزلاردەك چاراقلار.
ئېتىز ئارام باغ ھويلىدا داپ-دۇتار،
مول ھوسۇلنىڭ شاد مەشرىپى جاراڭلار.
ھەممە يەردە يېڭى چىراي، يېڭى تۈس،
ياغدەك ياغقان باي بولۇشقا تەشەببۇس.
يول ئىشرەتتى باسقان مەزمۇت قەدەملەر،
زاۋۇت-كانلار قۇرماقتا كۆپ ئادەملەر.
سانائەتتە جۇشقۇنلىغان زور ئېقىم،
راۋان ئاقتى ۋەزىيەت بولغاچ مۇقىم.
ھېچ كۆرۈنمەس تالاش-تارتىش ئازارلىق،
نامايان دۇر ھاياجانلىق-رازىلىق.
ھەممە ئىشلار چىگىت چاقماي يۈرۈشكەن،
پاكىتلارنى ئەل ھەممىسى كۆرۈشكەن.
مول ھوسۇلدىن ئەلدە بايرام شادلىقى،
يىلدىن-يىلغا كەلمەكتە يىل ئاتلىقى.
نۇر ئۈستىگە نۇرلار قونغان دىيارغا،
قۇت ئۈستىگە قۇتلۇق بولغان تۇرپانغا.
زىننەت بېرىپ بوياپ چىقماي بولارمۇ،
رەڭدار قىلىپ سىزماي كۆكۈل قويارمۇ!
نېسىپ بوپتۇ بۈگۈن ماڭا يېزىشقا،
يۈك قەلەمنى رەڭگە چىلاپ سىزىشقا.
قوبۇل قىلغىن ئۇلۇغ ئانا ئۆز دىيار،
يازغانلىرىم بولسۇن ساڭا يادىكار!

1990 - يىل ئۆكتەبىر.

# ھايات ھامان دىلبەردەك گۈزەل

ئابلىكىم خېۋىر

## ۋەتىنىم

ئانىلارنىڭ ئاق سۈتىدەك
ئاق چوققىلار قامىتىڭمۇ؟
كۆمۈش كەبى دەريا-كۆللەر
ئالتۇن كەمەر، ئامىتىڭمۇ؟

خەرىتەڭگە باقسام، ئۆزۈك
تاڭ خورازى چىللاۋاتقان.
نە خوراز سەن، ئالتۇن سۇمۇرۇغ
كۆك ئاسماندا قانات قاققان.

تاڭ خورازى چىللىغان ئەل،
تاڭدەك گۈزەل ھۆسنۈڭ سېنىڭ.
نۇرنى تاۋلاپ، بىزنى نۇردا
بېقىۋاتقان كۆكسۈڭ سېنىڭ.

ئاق چوققىلار پايانسىزلىك
ئاق يوللۇقتۇر ئۈزۈن سەپەر.
مەڭگۈ سېنى ئۈۋا تۇتۇپ
پەرۋاز قىلسۇن مىليون كەپتەر.

## ياز شامىلى

باغلاردىن يېغىپ ئىپار
نازلىنىپ چېچىپ كەلسەڭ،
تولغىنىپ نازاكەتلىك،
دىللارنى ئېچىپ كەلسەڭ؛

گۈللەرگە، گۈزەللىككە
تەشنالىق قېنىپ تۇرسا؛
پاھ، ئالتۇن پىيالەڭدىن
شېرىن مەي تېمىپ تۇرسا؛

ياز دېدىڭ، گۈزەل دېدىڭ،
دىل ئاڭا كۆيەر دېدىڭ؛
يازنىلا كۆرۈپ، جانان،
ئۆتىسىدى ئۆمۈر دېدىڭ.

ئارمىنىڭ گۈزەل يازدەك
قەلبىڭنى ئۇتۇپ ئالسۇن.
مەن دېدىم: بىزنى قايتا،
گۈزەللىك تۇغۇپ ئالسۇن.

## كۈلكە

مەن كۈلۈپ باقتىم ساڭا،
مەيلى هومايغىن سەن ماڭا.
سەن مېنى ساراڭ دېسەڭمۇ،
كۈلكە لېۋىمدە يانا.

بەنت قىلار بىر كۈن سېنى،
كۈلكىدىن پۈتكەن تانا.
سېنى قار-مۇزغا سۆرەيدۇ،
كۈلكىگە سېزىك چانا.

ئۇنجى كۈلكە بولدى مەندىن،
كۈلگىلى باهانە ساڭا.
باشتا كۈلگەن ئادەم ئاتا،
خوپ كەينىدىن هاۋا ئانا.

باشتا هومايغان چىرايلار
كۈلسىلا چوغدەك يانار.
كۈلكىدىن كۈلكىگە يول بار،
كۈلكىدىن پىشقاي ئانار.

## شاهمات

ئۆلۈمگە هاڭغا ماڭغانلار
سولدات ئاتامان،
قاچانلا قارىسام ئىككى شاھ ئامان.
هەيرانمەن ساڭا.

«شاهمات» دەپ
نام بەرگەن ئادەم
ئىچمىگەن بولغىدى بېشىغا قېتىق؟!
كۆرۈپ تۇرۇپمۇ
كىملەر قان كېچىپ،
كىملەر دۇم چۈشۈپ
ئىچىدۇ پېتىق؟!
يەر تەۋرەيدۇ قىقاس چۇقاندىن
ئۇر، يىقىت، ئالىدۇ مەيداننى كىيىپ.
ئىككى شاھ ئامان قالىدۇ
مەيدىنى كېرىپ.

× ×

ئۆزۈڭگە ئامراقمەن،
نامىڭغا بەك ئۆچ.
شاهلار ئامان
شاهلارغا مات يوق،
ئۇلار هېچقاچان
بىر-بىرىگە كەلمەيدىكەن دۇچ.
شۇڭا، يوقالسۇن ئەمدى،
«شاهمات» دېگەن نام.
قارا، قانداق نەق چۈشتى ئەمدى
ساڭا «شاهئامان»؟!

× ×

ئېتىزلارغا ئوخشىساڭ مەيلى
شاهمات تاختىسى.
سېپىنىڭدىمۇ پىشسۇن دېهقاننىڭ
بۇغداي، پاختىسى.
بىراق،
بىز ياشاۋاتقان يەر شارىدىكى
پاراللېل، مېرىدىئان بولگەن يۈزلەرگە
ئوخشىما زادى.

× ×

شاهلار -
شاهمات تاختىسىدا
ئۆلمەيدۇ هېچ ۋاق،
چۈنكى ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىنە سەللىسى
يا كۆڭلىكى ئاق.

## بۇمۇ چاقچاقمۇ

ئېگىز توختى دەيدۇ كىشىلەر
مەھەللىمىزدىكى توختى پاكارنى.
ئۇ غۇ چاقچاق،
بۇمۇ چاقچاقمۇ؟
خوجا دېيىش ئەلگە چاكارنى.

## ئاپتوبۇس

بولسا مەندە ئىلاھى قۇدرەت،
چۈشۈرەتتىم بىر پەرمان ھازىر:
ئەرتە - كەچتە توشۇ خەلقىمنى
ئاپتوبۇسقا ئايلىنىپ، كادىر!
لېي فىلك بولغان ئاپتوبۇسلاردا
مەڭگۈلۈك دات باسماس بىر ۋىنتە.
ۋىنتە بولغۇچە ئاپتوبۇس بولۇپ،
قاتناش تېخىمۇ شەرەپ، ئەلۋەتتە.

## ھاراق باھالاش يىغىنى

ئىچمەيدۇ،
ناھايىتى
تالىمىرىنى چىلاپ باقىدۇ؛
يېمەيدۇ،
شاھانە مەئىشەت - زاكۇسكىلاردا
ھاراقلار تەمىنى سىناپ باقىدۇ.
ھەي، ئېرداۋچاۋدا قىڭغايغان مەستلەر
ئۇڭۇڭلار
شۇ يىغىندا قايناپ باقىدۇ،
تىلىنى چايناپ
ئاسمان ئۇسۇلىنى ئويناپ
بىر چاغلاردا مۇنبەر قاقىدۇ.
مەستلەرگە نېمىشقا تەكلىپنامە يوق؟
بىز ھاراق باھالاش مۇتەخەسسىسى
بىزلەرگە مەنسۇپقۇ
تۆردىكى ئورۇندۇق؟!...
مەستلەر شۇنداق
ئوڭىدىمۇ جېدەل تېرىيدۇ،
سورۇن ئەھلىگە تېخى
ئەيىب ئارتىدۇ.

× ×

ئىچمەيمىز،
تېتىپ باقمىمىز.
يېمەيمىز
زاكۇسكىلارغا
ھاراقلارنى قېتىپ باقمىمىز.

# ۋەتەن

مۇھەممەتجان سادىق

ئانامنىڭ «قوزام!» دېگەن
مېھرىبان سۆزلىرىدە.
كۈن ۋە تۈن غېمىم يېگەن
خىيالچان كۆزلىرىدە.
ۋەتىنىم —
ئانىجان يۇرتۇم بار!
يارىمنىڭ گۈل بولۇپ ئېچىلىپ
سۆيۈشلىرىدە،
لاۋۇلداپ،
زەر بولۇپ چېچىلىپ
كۆيۈشلىرىدە،
ۋەتىنىم —
جانىجان يۇرتۇم بار!
بالامنىڭ «دادا!»! دەپ
ئەركىلەپ
كۈلۈشلىرىدە،

مۇنبەت تۇپراقتا
چىنار دەك بىخ سۈرۈشىمىزدە.
ۋەتىنىم —
يۆلەنچىم يۇرتۇم بار!
باھار گۈزەل!

دېرىزەمدە گۈل ـ چېچەك ساماسى،
ئۆيۈمدە كېچە ـ كۈندۈز
شادلىق نەغمە ـ ناۋاسى
ۋەتىنىم —
يۆلەنچىم يۇرتۇم بار!

# كۆڭۈل يىغىدىن تەرمىلەر

مۇھەممەت ئىمىن

## قايتىپ كەل ئامرىقىم، كۈتىمەن سېنى

بىلمىدىم، نېمىشقا قالدۇق ئەگىشىپ،
ئېھتىمال شەيتانغا ماڭدۇق ئەگىشىپ.
سەن كەتتىڭ يامانلاپ، ئارقاڭدا كۆزۈڭ،
مەن قالدىم زار قاقشاپ، كۆزۈم تېشىلىپ.

ئۆتتى كۈن، ئۆتتى ئاي، ئۆتتى ھەتتا يىل،
بوينىمىز قاتتىقكەن، يۇمشىمىدى دىل.
«تىز پۈكمەس قەھرىمان» بولدۇق بىز گويا،
ناماقۇل بولۇشقا بارمىدى ھېچ تىل.

ئۇنچىلا يىراقمۇ ئەمەس ئارىمىز،
دەريادىن ئۆتسەكلا يېتىپ بارىمىز.
بىزغۇ «باش ئەگمىدۇق» ساقلاپ «غۇرۇر» نى،
ئەمما قان يىغلىدى يۈرەك پارىمىز.

«ئانا!» دەپ ئويغىنار دەم ـ دەم ئېسەدەپ،
ئويقۇدىن بىدارمەن ياستۇق يەڭگۈشلەپ.
بىلمىدىم كۆز يېشى تەگسىز بۇلاقمۇ،
قەلەندەر بوپقالدىم تەسەللى ئىزدەپ.

توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقىسى نەق ـ تەل
يېمىشى گۆشۈ ـ ياغ قايماق ۋە ھەسەل،
دەيدۇ ئۇ: «تېتىسىدۇ ھەممىسى ئەمەن،
ئانىسىز ياشاشتىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل!...»

ئېيبەرسەم چىرايلىق كېيىمنى تاللاپ،
ئاتىدۇ پۇلۇڭغا يىرتىپ قامالاپ.

ئېيتىدۇ: «كېيىمەن ياماق چاپاننى،
ئانامنىڭ ھىدىنى پۇراپ ۋە ئاياپ...»

ھەيرانمەن، نېمىشقا تېپىشقاندىمىز؟!
ئىنتىلىپ قۇلۇندەك چېپىشقاندىمىز؟!
تويىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تەقەززا،
سۆركىلىپ يىلىمدەك يېپىشقاندىمىز؟!

تېپىشتۇق، چېپىشتۇق، يېپىشتۇق مەھكەم،
سىڭدى پەر ياستۇققا يالقۇنلۇق قەسەم.
كۆز ئاچتى دۇنياغا سۆيگۈ جەۋھىرى
بېشىمىز تاقاشتى ئاسمانغا شۇ دەم.

ئاڭلاندى «ئىڭگە» سى يېقىملىق سازدەك،
تويۇلدى ۋىلىقلاپ كۈلۈشى ئازدەك.
لەۋلەرگە كەتتى ئوت سۆيسەك مەڭزىگە،
بىلىندى تەپتىدىن جۇت قىشمۇ يازدەك.

تايتاڭلاپ ماڭغاندا «دادا!»، «ئانا!» دەپ،
ئۇنتۇلدى جاپالار قالدۇق يەڭگىللەپ.
ئەپكەلدى ئۆيگە ئۇ بەختنى چىللاپ،
كەلدى زەپ ئەل ـ يۇرتنىڭ زوقى، ئۆتسەك ئەپ.

يامان كۆز تەگدىمۇ شۇم غەرەز بىلەن،
ۋە ياكى ئارىغا ئۈندىمۇ تىكەن؛
ئىشقىمىز يالقۇنى باردى پەسىيىپ،
نەگىدۇ مۆكۈندى يول قويۇش دېگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

غاژ-غۇژلار تىنىمسىقلاپ چىقتى پىنھاندىن،
نەۋ باھار قوغلاندى گويا بوستاندىن.
كەلگۈلۈك كەلدى زەپ سەبى گۈدەككە،
تەگلىكتە ئۆكسۈيدۇ كۆز يېشى قاندىن.

سەن كەتتىڭ، ئۆيىمىز ئايلاندى گۆرگە،
تىپىرلاپ قالدىمەن چۈشكەندەك تورغا.
قوزىمىز چىرايى بولدى زەپىران،
تولغىنىپ ئازابتا ئىچكەندەك ئوغا.

«ئاھ، يېتىم قىلغۇچە تىرىك تۇرغۇزۇپ،
قويساڭلار بولمامتى بۆشۈكتە بوغۇپ؟!...»
نەشتەردەك سانجىلدى سۆزى يۈرەككە،
ئاڭلىساڭ كېتەتتىڭ سەنمۇ پۈچۈلۈپ!

ھەيرانمەن، نېمىشقا تېپىشقاندىمىز؟!
ئىنتىلىپ، يېلىمدەك يېپىشقاندىمىز؟!
تېپىشىپ، يېپىشىپ، ياساپ مۆجىزە،
ھە، ئەمدى نېمە دەپ قېچىشقاندىمىز؟!

مۇھەببەت مەنىسى شۇمىدۇ پەقەت؟
شۇ بولسا، مۇھەببەت نېمىگە ھاجەت؟!
ئادەمنى تىرىكلا تىقسا ئۇ گۆرگە،
قۇرۇسۇن ئىلاھىم شۇنداق مۇھەببەت!

يەتكەندۇ ساڭىمۇ بەلكى پىغانىم،
نېمىلەر دېمىدىم قىينالسا جانىم.
كەچۈرگىن ئاغرىتقىم كەچۈردۈم مەنمۇ،
سىغمايدۇ تىلىنغان دىلغا پۇشمانىم.

سەن كەتتىڭ يامانلاپ، قالغاچ تەگىشىپ،
ئازدۇقمۇ، شەيتانغا ماڭدۇق ئەگىشىپ.
ئەندىكىپ چۆمۈلۈپ ھىجران كۆلىگە،
ئېھتىمال قالغاندۇق ئەمدى سەگىشىپ.

ھىجراندا قالغاندۇق بەلكىم سەگىشىپ،
قايتىپ كەل، يۈرەيلى ئەمدى تەگىشىپ.
دىلىمدا يولۇڭغا سالدىم پايانداز،
كەلگەي بەخت، مۇھەببەت ساڭا ئەگىشىپ.

قايمۇندەك ئويىنتىپ يۈرمىسۇن خارلاپ،
كاج تەلەي، شۇم تەقدىر-بىۋاپا كاززاپ.
قايتىپ كەل ئامرىقىم، كۈتىمەن سېنى،
مۇھەببەت جەۋھىرى چەكمىسۇن ئازاب!

## چىگىش سوئال

قاردىڭ، كۆزۈڭدىن چىقىلدى چاقماق،
مەن كۆيۈپ بولدۇم كۆل، كەتتىڭ سەن يىراق.
ھەيرانمەن، نېمىشقا يۈردۈڭ ئوت يېقىپ،
ئۆچۈرۈپ قويۇشنى بىلمىگەن ئۇماق؟!

## بىر دوستۇمغا جاۋاب

تەخسىنى چاقما دەپ قىلدىڭ دالالەت،
دېدىڭ: كۆپ تەخسىدە نېمەت-تاپاۋەت.
تىك تۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ ئۆلەي،
قىلمىسۇن نەزەردىن ساقىت جامائەت.

## خېرىدارسىز قەبرە

«ئىڭگە!» بىلەن ھاياتىمنى باشلىدىم يەردە،
يىغا، كۈلكە قىلدى جىلۋە ئۆمۈرلۈك تەردە.
قوغلاشتى يىغا ئاخىر كۈلكىنى يەنە
خېرىدارسىز قالدى قەبرەم پۈتمىسمۇ زەردە.

## كېلىشىم

سەن ماختىغىن مېنى «مەشھۇر يازغۇچى» دەپ،
مەنمۇ سېنى داڭلاي «گۆھەر قازغۇچى» دەپ.

قايىل بولماي كىمكى قۇسۇر تاپسا ئەگەر،
تويغۇزالى: «پەس قىتىغۇر، ئازغۇچى!...» دەپ.

## ئەيىب ۋە نومۇس

شەھەر تۇگۇل دۇنيانىمۇ غاچ ئالىمىز،
بىر نان تاپساق دازاڭلىتىپ داپ چالىمىز.
قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ كەپە ياساش،
پودىن ھۇلىسىز ھەشەمەتلىك ئۆي سالىمىز.

كوكىرايمىز «ئالەم مۇشۇ!» دەپ بەس-بەستە،
قۇدۇقتىكى پاقا قارار زوق-ھەۋەستە.
ئولتۇرساقمۇ قاشاڭ كالا ھارۋىسىدا،
ئۇچتۇق دەيمىز بىز ئاسماندا، خەقلەر پەستە.

تارىخىمىز شان-شەۋكەتلىك، تۆھپە تەييار،
ئۇڭدا يېتىپ يېسەك مەڭگۈ بولمايمىز خار.
يەنە شەرەپ قازىنىشقا نېمە ھاجەت؟
جان ئۈيرىنىش دۆتلىك، بىزگە زېرەكلىك يار!

كۆكرىكىمىز دوناي تاپقا پولات قالقان،
ئىزدىن تايغان يانجىلىدۇ بولۇپ تالقان.
كىمكى يېڭى پەدىگە ساز چالسا، ئۇنى،
بوش قويمايدۇ كونا تاغار كۆنۈك ئالقان.

ئۈزۈن كۆسەي قورالىمىز، ئاتا مىراس،
كوچىلايمىز، چوخچىلايمىز تېپىپ ئاساس.
شۇ يولىسىمۇ كۆن ئالسۇن دەپ قويۇش گۇناھ،
غېرىچ ئۆسسە قايچىلايمىز تەڭ دەپ لىباس.

ئېگىزلەرنى غولىتىشتىن خۇشال ئىش يوق
بالدۇر ئۈزۈپ چىققانلارغا يوللايمىز ئوق.
چاقالمىسا چايانىمۇ چايان دېمەس،
پەخىرىمىزدۇر نەشتەر سانجىش، كارقىلماس دوق.

مودا چىقسا قوغلىشىمىز كېچىپ جاندىن،
تېنىپ ھەتتا ئەجدادىمىز ئوغۇزخاندىن.
سۆيگىنى ئەتىر كۆرسەك باغقا ئوت قويىمىز،
«ئېپار گۇل!» دەپ بېغىشلىما يېزىپ قاندىن.

www.uyghurkitap.com



تەسۋى سىرىپ «شۈف!» دېگەننى خىزىر ساناپ،
كۆتۈرمىز بېشىمىزدا، ئەيلەپ تاۋاپ.
مىڭ ئورغاق ئاي ئاسالايمىز بولۇتلارغا،
چۈۋۈپ مەكتەپ بىناسىنى، قۇببە ياساپ.

بەك كاتتا بىز، ئەمەس ھېچكىم بىزدەك ئۇلۇغ،
تەكلىماكان ئالتۇن ئاچقۇچ كۆمگەن تولۇق.
بوۋام بەرگەن ماموق ياستۇق يۇمشاق ئەجەب،
خورەكىمىز يەتسە ئايغا، ئەڭ زور ئوتۇق!

شېرىن چۈشەپ، كۆز سالمايمىز دەۋرانغا بىز،
ئەگەشمەيمىز ئۈزاپ كەتكەن كارۋانغا بىز.
بىر ئىزدىلا پىرقىرىساق، چۆگىلىسەك،
يېتەلمەيمىز قېنى قانداق ئارمانغا بىز؟!...

## تەكلىپ ۋە نەتىجە

1

تەكلىپ
ئۇچقۇندىغان قار ئۇچقۇنلىرىدەك
كەلمەكتە ئۇچۇپ.
كونا چۈشەكتە
چۈشەكەشكە ئۆگەنگەن كۆڭۈل
چۆچۈپ ئويغىنىپ
ئالدى ئەندىكىپ باغرىغا بېسىپ
توي تارتقاندەك خۇشاللىق قۇچۇپ.

2

كەتتى قەلىمىم
يېڭى پەدىگە
يورغىلاپ دەسسەپ
مەيلىدىنغۇ
كەتمىسە سۇنۇپ
ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولدىكى
ئازگاللغا سەكرەپ.

3

ھەي!...
تۇتامسىز ئىلھام
نېمە بۇ ئۆرە قىلغىنىڭ
يېرىمى ياخشى، يېرىمى يامان؟
قەھرىمان قەھرىماندەك بولۇشى كېرەك
سەجدە قىلسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا
ئالۋاستى ئەمەس
ھەتتاكى شەيتان!

4

ئەقىدەمنى چۈشەپ چەمبەرچاس
سالا ئارقىدا
«خوپ» يايلىغا ئېسىلدىم شۇئان.
يارالدى
ھېچ ئىۋەنسىز
بىر زەربەردەست قەھرىمان.
كۆسەيلەك قوشۇن
نەرە تارتىپ بولدى پەيدا
كۆتۈردى غەۋغا
تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىشتى قاپساپ.
نەدە بار بۇنداق مۇكەممەل ئىنسان؟
ئادەم دېگەندە بولمىدۇ نۇقسان،
بۇتمۇ بۇ

ۋە ياكى ئىللاھ؟
قالدىم تېڭىرقاپ.
تەپەككۇرۇم ئۆڭكۈردە
ھوۋۇلدايدۇ ئۇلغىيىپ
ئېزىتقۇ بوران.

5

قەھرىمانىم
قازان كۆمتۈرۈلگەندەك زۇلمەت كېچىدە،
پۈچىلىپ كۆپلەش ئىچىدە
توي چۈشىكىدە
ياش يىگىتنى قانغا بوياپ
ئېلىپ قاچتى پەرىزات قىزنى
ئالداپ يەنە پ بىباھەن.
قىلىندى تۇتقۇن
بىگۇناھ ھېكايە قۇرلىرىغىمۇ
سېلىنىدى كىشەن.
يىغلايمۇ ئاخىرقى چېكىتكە قاراپ
بۇ قۇلداپ قاقشاپ؟

6

ئويغان!
دەۋرىمە ئەمدى
ئاتنى ئات، ئېشەكنى ئېشەك.
كەلدى ئۆزۈپ غەۋۋاسلار بويان
يېڭى ئېقىم دەرياسى بويلاپ.
قارىماقتا دۇربۇندا ساڭا
بولماسلىق ئاگاھ
ئۇندۇرەر چېچەك
ئۆزگىچە يول تاپ.

7

بىلمىدىم
ئاق كۆڭۈل خىيال
بولغانمىكىن ئەلچى — خالىس زات.
قالدى تېپىشماق
بولۇڭدا ئاخىر

ئېشەك بىلەن ئاتنى
تورەلدى خېچىر.
كۆلدى جامائەت
يا پىر
نېمە بۇ
ئوخشىماس ئات يا ئېشەككە، ھېچچىۋ؟!
خېچىرمۇ ئۆكۈنۈپ - ئۆكسۈپ
كۆتۈردى پەرياد.

8

ھېسسىيات، ئەخلاق، مىزان
خۇددى قىشنىڭ ئاپتىپى
ئۆزگىرىشچان.
تامغاڭنى تاڭلىيىڭغا بېسىپ قويماي
ياخشىنى ياخشى دەپ يامانني يامان.
تەنتەكلىك بۆشۈكىدە
ياتماي تەۋرىنىپ
كۆپ قىرلىق
سەزگۈ ئورنات پېرسوناژغا
چاپسۇن يۈگەنسىز
قېيىغىتىپ ھەريان.

9

كەلدى يانچۇقچى
ھالالىقنى ئۇدۇپ ھاسىراپ.
دىۋانىغا ياغدۇرۇپ ھىممەت
تاشلىدى بىر خورجۇن ئاقچىنى!
جان تىكىپ ئېلىشىپ لوكچەك
قۇتقۇزۇپ قالدى
باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان مەسۇمە قىزنى.
ۋىجدان بېسىمىنى سېزىپ قاراقچى
ئېلىپ ماڭدى شىپاخانىغا
ئۆزى پىچاق تىققان ساقچىنى.

10

چۈشۈمدىكىدەك
پېچەتلەندى ئېغىزىم بىردىن

www.uyghurkitap.com

تىلىمغىمۇ سىپارىندى قىزلۇپ
قاڭقىغان ئەيىبلەش سادالىرىدىن.
كېلىپ قاپتىمۇ قوي يېمەس بۆرە
ئىنساپ، دىيانەت دالالىرىدىن؟
كىم موللا قىلغان قاۋاننى قاچان،
تەزدۇرۇپ ئەپسى - تامالىرىدىن؟
ئالجىش!
جۆيلۇش!
سارائكىلىقىڭنى يۇقتۇرما، يوقال،
يېمەستە ئوڭلار پەشىۋالىرىدىن!

11

«ئەرنىڭ يېرىمى ئايال①» دېگەن گەپ
باشقا كىيگەندە دەريا بويىنى
قالمىدىم مەڭدەپ.
قىزغا سىڭدۇرۇپ يىگىت خۇيىنى
يىگىتكە تاڭدىم قىزنىڭ خۇلقىنى
تۆرەلدى ئاپهاي
ئىزدىن ئەگىشىپ ماڭغان دوقمۇشتا
ئەركەك زەدەك ئىنسان ئىڭگەلەپ.

خالايىق توۋا دەپ چىشلەشتى ياقا
قىيقىلغاندەك پايپاقتا تاقا
مەنمۇ ئىزا قەبرىسىگە قىلىندىم دەپنە
پۇشايماندا روھىم تۆكەر ياش
تىرپراقنى نەمدەپ...

12

ئەنە
ياتار سوزۇلۇپ
تەكلىپ ئۇپۇقىغا باش قويۇپ
ئۇچەيسىمان كورمىنىڭ - كورمىنىڭ يول.
ناۋادا سەنمۇ
كۆزۈڭنى يۇمۇپ
ماڭساڭ تاللىماي مودا قوغلىشىپ
بارار يېتىلەپ
غايىبتىن بىر قول.
مەن ياتقان قەبرىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق،
كەلسەڭ ئىز بېسىپ
قىلىدۇ بەلكىم
سېنىمۇ قوبۇل...

# شېئىرلار

## روزى نىياز

### دولقۇنىڭنى قۇچاقلايمەن ناخشامدا

تارام-تارام ئېقىنلاردىن ئۇلغىيىپ،
ئەزىز دەريا، شوخلۇق بىلەن ئاقىسەن.
ئالتۇن قىرغاق ساھىلىڭنىڭ لېۋىدىگە
لەۋلىرىڭنى سېھرى ھېستا ياقىسەن.

ساھىلىڭغا ئېتەك يايسا گۈل، ئورمان...
كىرە سالغان قۇرام تاشۇ تىنىك قىيا.
توقايلىرىڭ ياخشى سورۇن بەزمىگە...
باغرىڭ چەكسىز گۈزەللىك جەم بىر دۇنيا.

كۆرەك بولار يەڭگۈچى روھ، سەلتەنەت،
ئىزلار باسقان دولقۇنلىرىڭ سۈرىدىن.
يۈرەك قىيام خۇش ئاھاڭلار ئاڭلايمەن،
شامال سىرداش شاۋقۇنلىرىڭ كۈيىدىن.

قەترىلىرىڭ دۇغدىن خالىي — سۈپسۈزۈك،
ئويغاقلىقتا نۇر قۇچاقلاپ، نۇر سۆيەر.
تۈن يايغاندا قارا سۈمبۈل چېچىنى،
يۇيۇنغىلى كۆكتىن يۇلتۇز، ئاي چۈشەر.

بۇژغۇنلىرىڭ كىرپىك قېقىپ، خىيالچان،
ئۆتەر ماڭا كۆزلىرىنى تاشلىشىپ.
ۋۇجۇدۇمدا تۇرۇپ كېتەر ئاياغقا،
پارلاق سەزگۈ مۇساپىلەر باشلىشىپ.

① جاك شېپەنلىيائېنىڭ شۇ ناملىق رومانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

چىقىڭنى ھاياتىڭغا ھامى دەپ،
ئەركىن، تەمكىن شۇڭغۇپ، ئۆرلەر بېلىقلار.
غەمسىز، سەبى چاغلىرىمنى ئەسلىتەر،
ئۇلار زوقمەن ئۈزگەندىكى قىلىقلار.

سەندە ۋىسال ئىپپىشىدۇ جۈپ-جۈپ قۇش،
پەيلىرىنى يۇيۇپ-تاراپ، سايرىشىپ.
مۇھەببەتلىك ماكان بىلىپ باغرىڭنى،
چۈشىدىمۇ سېنى چۆشەر يايرىشىپ.

قەترىلىرىڭ سۆيگۈ يۇدۇپ، ئوينىقلاپ،
ئانا زېمىن تومۇرىغا قوشار قان.
تۇتاش—تۇتاش يېشىللىزارلىق كۆلكىسى
دولقۇنىڭغا بېرەر جىلۋە، ھاياجان.

* * * *

ساھىلىڭدا مەن بار سەھەر-ئاخشامدا،
دولقۇنىڭنى قۇچاقلايمەن ناخشامدا.

## بىز توشقان سۇمۇ ياكى مېھرمۇ

بويالغاندا ئۇپۇق لېۋى ھال رەڭدە
ئۇچرىشىمىز قۇدۇق بېشى ئۈستىدە.
چىن كۆڭۈلدىن ئۇچۇپ چىقار سالاملار...
سېغىنىشنىڭ قانات پۆتكەن تۇسىدە.

سورىشىمىز ھالىمىزنى يېقىملىق،
ئوتلار يانغان قاراقلاردىن نۇر چېچىپ.
كىرىپ كېلەر سىرىئولۇق تۇيغۇلار،
دىلخانىمىز ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ.

مېنىڭ قولۇم ھەپىلىشەر بۇل بىلەن،
سىز تۇتىسىز ئاغامچىسىۇ چېلەكنى.
لىق تولدۇرۇپ سۇ تارتىمىز ھەر قېتىم،
سۇبھى پەيتى چايقاپ ئوتلۇق يۈرەكنى.

ئەپكەش يۈدۈپ، خوشلىشىمىز قىيالماي،
قالار بىراق، بىرگە تۇرغان ئىككى ئىز.
بىز توشقان سۇمۇ ياكى مېھرمۇ؟
قېني دەڭا. سەھرا گۈلي—دىلدار قىز.

## تۈن قويندا ئۇخلار سەھرا راھەتتە

تۈن قويندا ئۇخلار سەھرا راھەتتە،
نۇرلىرىدا پەپىلەر ئاي ھەممىنى.
خەيرلىك تۈن تىلەپ ئاڭا يۇلتۇزلار،
سېپەر ئالتۇن كۆزلىرىدىن زەررىنى.

ئادەملەرگە تىلەر ئامەت، تىلەر قۇت،
مەڭگۈ ئۇيقۇ بىلمەس شىلدىر بۇلاقلار.
مەنزىلىگە يورغىلايدۇ شەربەت سۇ،
لەرزانغىنا ئېيتىپ غەزەل، قوشاقلار...

تۆشەك قىلىپ شاخلىرىنى دەرەخنىڭ،
مۈگدار قۇشلار بىخىرامان تۇيغۇدا.
يېنىك-يېنىك تەۋرەپ قويار ئورنىدىن،
پەرۋازىنى چۈشەپ شېرىن ئۇيقۇدا.

ئالىق سابا كۆرگىنىنى يول كېزىپ،
سۆزلەپ يۈرەر گىياھلارغا... شىۋىرلاپ.
ئىلھاملارغا كەلگەن زۇمرەت ياپراقلار
ئوينار ئۇسسۇل كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ.

دىلبەر تۈننىڭ ئارامىدا ھەر تىنىق
ئېلىنىدۇ يۈرەك سالماق ئۇرغانچە.
قۇلىقىغا كىردىمىكىن تىۋىشلار،
ئۈزۈك-ئۈزۈك قاۋار ئىتلار تۇرغانچە.

* * * *

يارقىن تۈندە ئۇخلار سەھرا ئازادە،
گۈل بويىنى سۇنۇپ ئۇ كەڭ-كۇشادە

## سۆيۈملۈك ئەركەم

كۆزلەردىن كۆزلەرگە سىڭىشىپ سۆيگۈ،
يۈرەكنى يۈرەككە چېتىشتى مەھكەم.
باھارنىڭ نۇردەك ياشارتتى جاننى،
شوخ كۈلكەڭ، نازلىرىڭ، سۆيۈملۈك ئەركەم:
ئۆتمەكتە كۈنىمىز تاتلىق، چىرايلىق،
سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئىلكىدە ھەر دەم.

1991-يىلى 5-فېۋرال، سانجى

uyghurkitap.com



# شېئىرلار

ئىلغارجان سادىق

## قۇشلاردىن ئۆچرىتقان كۆرۈنۈش

بىر قوشاق
بىر دەر سادا ھەر كۈنى مۇڭداق،
تۇلپار تۇيىقى
بۇلۇتلاردىن يۆگەلگەن زىننەت.
ئاي قانىتىنى
قۇياش تاجىسى
يۇلتۇزنىڭ يورۇتقان يورۇق.

بىر ئانا پەيدا بولۇپ تۇردى ئۇندا
ئاق رومىلى يەلپۈنەر
ئۇچلىرىدىن چىققاندا شامال.
كۆكۈم تالقان بولدى بۇلۇت
ئاچچىق ئىڭرىشىدىن
ئىزلىشىنى تەڭرىنى قايتا.
يېتىم قىزىنى
يېتىم ئوغلىنى
يۈتتۈرگەن ئۇ جەڭلىك پەيلەر ئارا
تەڭرى ئاتا قايتۇرماس سادا.
بىر ئانا
كۆزلىرىنى ياشلاپ
ئۈممەتلەرنى باشلاپ
قۇياش تاغلارنى قىلغاندا قوندۇق
باشلىماق بولدى ئۇنى
ئۇ، بىر چاغلار
باغاشلىغان ئوغۇزنى شۇنداق.
شۆھرىتىدىن ئۆرگىلەپ
نەۋرىسىگە سۆزلەيدۇ قوشاق؛

## ئارىلىقتا تامچىغان ھېسلار

ساقىپ چۈشكەن پەرگىلەر ئارا
جىلۋە قىلار كېچە ئۇيقۇسى
پەرىشتىلەر يېزىلغان كۈكۈم
كۆل يۈزىدىن ئىزلەپ ئۇيۇسسۇلۇق
لالما ئىتقا قىلىشىپ نەخىرىنى
يوپۇرماقلار يۈتتۈرگەن ئايغا.
چاڭگال سىيلاپ، ئويغىنار ھالسىز.

كېچە تىلەنگەن ئىسمە ھەر
مۇڭلۇق مۇقام تىڭلايدۇ بىھۇش.
يۆگۈمە چىلەر يۆگەپ ئۇلارنى
مۇقاملارغا قىلىدۇ يەنە.

زەر ئۇنچىلەر چېچىلىپ كۆكتىن
رەشمەك ئىزلەپ بولدى خاراب
ئاسمان يەرگە
يەر ئاسمانغا تەڭكۈزگەندە لەۋ
خۇشاللىقنى
ئويغىنار ھالسىز.

ئاھ، نېمىشقا
ساقىماس چۈشلەر بۇ دەم
كىرىستاللار
ئايلانغاندا مۇردىغا تامام
يېتىم باغنىڭ تالادىكى چۈشىدەك
مۇزلىنىپ
چاڭقىدىن ساقىغان ئۇتقا.

1991 - يىل 25 - يانۋار

# ئىككى پارچە شېئىر

پەرھات جامال

## ئىقبالىڭنى ئاچقىن تەبىئەت

كۆرۈۋالاي ھۆسنۈڭنى بىر رەت،
ئىقبالىڭنى ئاچقىن تەبىئەت.
دەردلىرىڭگە قوشمايمەن ھەم دەرد،
ۋە شۇندىلا ئەيلەيمەن شەپقەت.

ئىقبالىڭدىك ئەسىرلەر بويان
كۆك چۈمپەردە تارتىپسىڭ يۈزۈڭگە.
دىل خانەڭنى باسقاندا تۇمان،
يۇلتۇز نەشتەر ئۇردى كۆزۈڭگە.

ئىقبالىڭنىڭ قان - قېنى چەكسىز،
تاش ئۈستىگە يايدىڭ سەن لىباس.
ئورمانلىرىڭ ئۇخلايدۇ غەمسىز،
بىراق ئۇندا قۇترايدۇ يولۋاس.

قىزلىرىڭمۇ بەلكى سەن سىياق،
چۈمپەردىدە يوشۇرغان تېلەت.
كۈن نۇرىدىن ئايرىغان شۇنداق،
قىلمىشىڭدۇر سېنىڭ تەبىئەت.

ئۆتۈپ كەتتى ئۇ رەزىل كۈنلەر،
ئىقبالىنى تاشلىدى قىزلار.
كۆڭۈللەردىن ئۇچۇپ تۈگۈنلەر،
ئۆز كۈيىنى باشلىدى قىزلار.

يىگىتلەردىن ئەيمەنمەس ئۇلار،
ۋە رومالدا يوشۇرماس گۈلرۇي.
خىلۋەتلەردە چۆپلەشسە لەۋلەر،
تارىلىدۇ ئەتراپقا خۇش بۇي.

كەل تەبىئەت سىرداشايلى بىز،
غەۋغالاردىن پىنھان ماكاندا.
بىرلا سۆزنى ئېيتاي مېنىڭسىز،
ئاشىقىڭ يوق كەڭرى جاھاندا.

كۆرۈۋالاي ھۆسنىڭنى بىر رەت،
ئىقبالىڭنى ئاچقىن تەبىئەت.
دەردلىرىڭگە قوشمايمەن ھەم دەرد،
ۋە شۇندىلا ئەيلەيمەن شەپقەت.

## قىيامەت

قىيامەت بولغاندەك
بىر ئاپقۇر قوناق،
تاراسلاپ ئېتىلار قازان ئىچىدە.
چاك - چاك بولۇپ يېرىلدى تېنى،
قوماچ بولدى ئوتنىڭ تەپتىدە.
كۆرۈڭ دوستلار دۇنيا ئىشىنى:
قوناق شېخى كۆيەر تېگىدە؟!

# تېڭىرقاش تۇيغۇلىرى

غالىپ قۇربان

زېرىكسە گەر كۆزلىرىمدىن چاقنىغان ئۈمىد،
تېپىپ ئالغىن مېنى ياران ئەجەل قېتىدىن.
ئىقباللىنىڭ بەتلىرىگە قويغاندا چېكىت،
كۆتۈرۈلسۇن بارچە قىسمەت ھايات ئېسىدىن.

قېتىپ قويغىن غەزىلىڭگە مۇزلۇق روھىمنى،
ھېسلىرىڭنىڭ چوڭقۇرىغا چۆككىنىدە كۆي.
يۈرىكىڭنى چۇلغىغاندا غەمكىن تۇمانلار،
قەلبىڭدىكى ئاشۇ سۇلغۇن كۆزلىرىمگە سۆي.

يېشىل ئورمان ناخشىسىنى تىڭشىۋالدى نېكەم،
ئۇيقۇسىدىن ئېتىلۋەتتى چۆللەرگە دەريا.
قەلبىم سېنىڭ كۆزلىرىڭگە كۆچسۇن ئەزىزىم،
كۆز ئالدىڭدا ئايان بولسۇن يېپيېڭى دۇنيا.

# قۇش يۈرىكى يوپۇرماق

ئادىلجان تۇرنىياز

مەن ئۆزۈمنى ئويلايمەن شۇنداق،
كىچىككىنە بىر خىلۋەت يېزا دەپ.
شۇ يېزىنىڭ جىمى ئادىمى،
پەقەت سەنلا سۆيۈملۈك قىزچاق.

ئۇ يەردە بار ئوماق جىگدىلىك،
قۇش يۈرىكى يوپۇرماق.
مۆكۈپ ياتار شاخلار ئاستىدا،
بىر چىرايلىق ئۇياتچان بۇلاق.
لەۋلىرىدە گۈل پورىكىدەك،
يوپ - يۇمىلاق زىناقلار ياساپ.
ئېھ، قورقىمەن ئوت - چۆپ ئاستىدا،
خىيال سۈرۈپ ياتقان بۇلاقنىڭ،
كۆزلىرىگە قاراپ سېلىشتىن.
ئېھ، قورقىمەن يۇلتۇزلۇق كۆكتە،
سېنىڭ كۆزۈڭنى كۆرۈپ قېلىشتىن.
سەن بۇلاردىن پەقەتلا،
خەۋەرسىز ئەي شىنتىلە قىزچاق!

قۇش يۈرىكى يوپۇرماق،
بىلەلمەستىن سايراشنى قانداق،
تۇرۇپ قالدىم ھاڭۋېقىپ ئۇزاق...
مەن بولسام خىلۋەت بىر يېزا،
سەن شۇ يەرلىك سۆيۈملۈك قىزچاق.

# ئەيىب سىلەردە ئەمەس ھەي دوستلار

ئابدۇكېرەم ھوشۇر

ئەيىب سىلەردە ئەمەس ھەي دوستلار،
سەۋەنلىك ئەسلىدە ئۆزۈمدە پەقەت.
نەتىجە قازىنار ئىدىم كەسپىمدە
ئىرىشسام ئاداققىچە قىلىپ كۆپ مېھنەت.

تونۇدۇم ئۆزۈمنى يىقىلىشلاردا
تۈگىدى بۇرۇنقى مەغرۇر قانائەت.

تىكىلدىم سىلەرگە، ئۆلگە ئالاي دەپ
بېرىڭلار ئايىماي ئەقىل نەسىھەت.

زورىياي، يېتىلەي چىناردەك مەزمۇت
سىلەردىن كۈچ ئېلىپ مەۋجۇتلۇقۇمغا.
دوستلار لەززەت ئالسۇن مېنىڭ سايەمدىن
پاك ۋىجدان ياردىتار ئەڭ پاك شاد كۈلكە.

www.uyghurkitap.com

# قىز قەلبىدە

## دىلبەر روزى

بارچە قىزنىڭ چىن-ساداقەت سۆيگۈسى ئۆز قەلبىدە،
ئىپتىخارى-زىننەتى زىبالىقى ئۆز قەلبىدە،
خۇش تەبەسسۇم چېھرىدە رەنالىقى ئۆز قەلبىدە،
يارنى مەپتۇن ئەيلىگەن بەرنالىقى ئۆز قەلبىدە،
كۆزلىرىنىڭ ئەڭ تېرەن مەنالىقى ئۆز قەلبىدە.

ئويلىماڭ، قىز قەلبى بوش، ئوتى يوق، يالقۇنى يوق،
بولمىسا مەھبۇب ئەگەر قىز قەلبىنىڭ مەمنۇنى يوق،
سۆيگۈسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ قىلچىلىك مەزمۇنى يوق؛
چەككىنى ھىجران ئازابى شۇ ئۈچۈن كۆڭلى سۇنۇق،
نازلىرى باشقا ئۇنىڭ شەيدالىقى ئۆز قەلبىدە.

نازىنىن قىز ھۆسنىنى پاك سۆيگۈ بابىدىن كۆرۈڭ،
لەۋلىرىنىڭ تەمىنى تۇتقان شارابىدىن كۆرۈڭ،
لالىرەڭ مەگزى قىزارسا ئىزتىراپىدىن كۆرۈڭ،
سۆيگۈگە ۋاپاسىنى چەككەن ئازابىدىن كۆرۈڭ،
ھەسرىتى ھېچكەپ ئەمەس، شىپالىقى ئۆز قەلبىدە.

يۇرتىمىز ئەسلى گۈزەل ئىشقى-مۇھەببەت گۈلشەنى،
باغلىغان ھەر كىم ئاڭا ياشلىق باھارى رىشتىنى،
بىباھا ئالەم ئارا قىز قەلبىنىڭ ئەڭ روشەنى،
بارچىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس مۇھەببەت گۈلخېنى،
پاك نىيەتلەر سۆيگۈسى دانالىقى ئۆز قەلبىدە.

خىلۋەتى خۇپسەن بولۇپ قىزلارنى قونچاق ئەيلىمەڭ،
سايدا گۆھەرنى قويۇپ، سىز باشقا گۆھەر ئىزلىمەڭ.
يار ئۈچۈن سەرسانى قىزلارنى مۇھەببەتسىز دېمەڭ،
ئەي يىگىت، قىز قەلبىنى ئەسلى خاتا دەپ كۆزلىمەڭ،
سىز ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەك تەشنالىقى ئۆز قەلبىدە.

www.uyghurkitap.com



# ئىككى شېئىر

ئالىم تۇرسۇن

## مەغرۇرلۇق مۇنارى يىگىرمە يېشىم

كەينىمدىن هاكاۋۇر دېمەڭلار مېنى،
سۇمبۇل چاچ، قۇندۇز قاش، كۈلگۈن گۆزەللەر؛
چوڭچىلىق دەپ بىلىپ مەغرۇر تۇرقۇمنى،
كۈلمەڭلار ئارقامدىن قىلىپ هەزىللەر.

ياشلىقىم مەغرۇرلۇق ئۆگەنگەن لەزىز،
غادىيىش ئەمەستۇر ئەمكىن سالاپەت.
گۆزەللەر مەغرۇرلۇق مەن ئۈچۈن ئەزىز،
يوق لېكىن كىبىردىن قىلچە ئالامەت.

شادلانغان ياشلىقىم كۆلەر بەك مەغرۇر،
تەنتەنە گۈللىرى تۇتۇلسا هەر رەت،
گۈللەردەك رەڭ توزۇپ بېرىدۇ هۇزۇر،
كۆكسۈمدە نۇرلانغان ياشلىق مۇهەببەت.

قەلبىمدە بار ئۇلۇغ، بۈيۈك بىر ئىستەك،
كۆز يەتمەس كۆكلەرنى ئىزدەر بېتىنىم؛
گۆزەللەر، بۇ هېسلار ئەمەستۇر تەنتەك،
مەغرۇرلۇق مۇنارى يىگىرمە يېشىم.

## تۇمان تەزكىرىسى

هالرەڭ تور يېپىنىپ ئالدى كۆك سەتھى،
تۇمانلار كۆرسەتتى سېنى بەك كۆركەم.
شاش كۆڭلۈم سەن تامان يىراقلاپ كەتتى،
شېرىن بىر ۋىسالنى ئىزدەپ مەهبۇبەم.

تارالدى يېقىملىق شادىيانە كۈي،
ئالتۇن تار چېكىلىپ، تەڭكەندە ناخول.
«ئامرىقىم ئەبەدىي بىر مېنىلا سۆي!»
ئاڭلاندى ئاۋازىڭ، ئىزدىدىم ئوڭ - سول.

سۈس تۇمان، خىرە نۇر، يالغۇز ئاياغ يول،
كۆرۈندى كەڭلىكلەر، بوش قالغان دالا.
سەن ئۇندا كېلىسەن پۇلاڭلىتىپ قول،
بىر پەرى ئۇچقاندەك گۈل چىشلەپ گويا.

سەهەرنىڭ سەلكىنى سالقىن شۇ قەدەر،
توزۇيدۇ خىياللار كۆككە شادمان.
سەن گۈل بوپ كۆرۈنگەن تومانلىق سەهەر،
بىر دەقىق مەستلىكنى قىسىپ ئۆتتۈڭ ئېھسان.

# شېئىرلار

تۇرسۇنئاي هۇسەيىن

## نۇر ۋە قارلىغۇ

ئۆتكۈر كۆزۈم كۆك ئاسماننى ئىزدىدۇ سەيلە،
مۇئەللەقتە ئوينىپ يۈرەر ئالتۇن قەلەمقاش.
گاهى چاغدا تولىدۇ ئۇ ئالتۇن تاۋاقتەك،
گاه ئورغاقتەك بولۇپ قالار قاشلىرى قىيغاچ.

يەرمۇ دائىم ئۇز ئوقىدا ئايلىنار تىنماي،
ئايمۇ يەرنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەر هامان.
زېمىن بىلەن بارچە شەيئى ئايلىنار بىللە،
شۇڭا ئۇنىڭ هەرىكىتىنى سېزەلمەس ئىنسان.

ئاي گاھىدا تولۇن بولار گاھىدا يېرىمەك،
گاھى ئاپئاق نۇردىن سەپسە يوزار قاراڭغۇ.
گاھى ئاسمان سەتھىسىدە ئۈزىنار تاڭغىچە،
گاھى چاغدا يوقار تامام ئۇ ئالدىراڭغۇ.

ئاي گۆزەلدۇر، لېكىن ئۆزى بېرەلمەس يورۇق،
زەر قۇياشتىن نۇر يورۇقلۇق كېلىدۇ ئاڭا.
قۇياش يۈزى چۈشكەن تەرەپ ئاقىرار سۈتتەك،
نۇر ئالمىغان بىر تەرىپى كۆرۈنمەس ساڭا.

گاھى چاغدا جەمى جاھان بولار قاراڭغۇ،
گاھى چاغدا نۇر چاچىدۇ كۆكتە تولۇنئاي.
ئايمۇ، يەرمۇ ئۆز ئوقىدا ئايلىنار ھەر كۈن،
قاراڭغۇ ۋە نۇر يورۇقلۇق ئالمىشار تىنماي.

## قۇياش قۇدرىتى

قۇياش يورۇق، قۇياش ئۇلۇغ، كۆپتۇر خىسلىتى،
يەر يۈزىمىزگە بەرىكىتىنى چاچىدۇ تىنماي.
ئاشۇ نۇردىن رەڭ تۈزىدۇ زېمىندا بارلىق
ئادەم، گىيا، ئاشۇ نۇردىن كۆكلەيدۇ ھارماي،
ئىسسىقلىقى تۈگىمەس ھەم كېمەيمەس مەڭگۈ،
ھەر كۈن ئاتوم ئۆزگىرىشى بولىدۇ غايەت.
ھەر بىر كۈنى پارتلاش بولۇپ تۇرىدۇ ئۇنىدا،
شۇ پارتلاشتىن نۇر يورۇقلۇق كېلەر ھەر سائەت.

شۇ ئۆزگىرىش، ئاشۇ پارتلاش بېرىدۇ قۇدرەت،
شۇڭا ئۇنىڭ ھايات كۈچى بولىدۇ چەكسىز.
بار شەيئىگە ئورتاق بولغان ھەقىقەت شۇكى،
شۇنىڭ بىلەن ئالەم قۇدرەت تاپىدۇ شەكسىز.

## بىر قۇياشنىڭ ئاستىدا بىز زېمىندا بارلىق

قۇياش يەردىن، يەر قۇياشتىن ئايرىلماس ھامان،
يەر قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنار ھەر كۈن.
قۇياش نۇرى چۈشكەن زېمىن يورۇيدۇ ئاپئاق،
نۇردىن مەھرۇم بولغان يۈزى بولار ئېكەن تۈن.

قۇياش ھەيۋەت قۇياش چەكسىز، نۇرى ھېسابسىز،
كېچە ـ كۈندۈز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھامان.

ئۈچ يۈز مىليون لىلىق يولدۇر يەرگە ئارىنىسى،
بەك يىراقتۇر ئاڭا ھەرگىز بارالماس ئىنسان.

ئېگىز- پەسنى تەڭ يورۇتقاي، قويمىغاي ئايرىپ،
ئۇلۇغ قۇياش نۇرلىرىنى چېچىپ بەك ئەلۋەك.
بىر قۇياشنىڭ ئاستىدا بىز زېمىندا بارلىق،
بولماس نېچۈن شەپقىتىگە ئۇنىڭ تەڭ يەتمەك.

# ھىجران چۈشى

## باتۇر روزى

يالقۇن بىلەن يېپىنچاقلانغان تېنىمنى—
لەرزان يەلپۈپ تۇرغان يەلپۈگۈچلىرىگە كېچىنىڭ.
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ئاتەش بىسالىق شەمشەرلەر،
سىزىپ چىقتى ئۈستى-ئۈستىلەپ.
قانلار كەلكۈنىدە لەپپەكشىپ تۇرغان،
يىلتىزىدىن قومۇرۇلغان دېڭىز گۈللىرىسىمان يۈرىكىمنى.
دەستىلەنگەن تەبەسسۇملاردىن،
تىكلەندى ئۇندا
ئاسمان بىلەن ئاھاڭداش زىناقلارنىڭ مۇنارى شۇ دەم!

كېچىلەر مەڭزىدىن بىر تامچە ياشتەك،
سىيرىلىپ چۈشكەندۇ نېمىشقا قۇياش؟

ياق، ياق!
ساماۋى ھۇقاملار ياڭراتقان،
سازەندە پەردىلەر ھالقىسى ئىچرە.
ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ پىرقىراپ،
تەنھالىق تەختىدىن يىقىلغان مەشرەپ...
قوينۇمدىن مەست پېتى ئېغىناپ بېرىپ،
كېتىپ قاپتۇ ئوغرىلاپ
ئۇيقۇم تاغىرىنىڭ يىرتىقلىرىدىن،
سىرغىپ چىققان بولاقلىرىنى چۈشۈمنىڭ...
تەبەسسۇم مۇنارى چۈشمەكتە غولاپ،
پىرمىزەكلىرى ئارا ئېرىپ قالغان قانلارنىڭ.
بۇ ھەدىمىنى كۆمۈپلا تاشلار،
لەپىلدەپ ياققۇچى كۆلرەك قار—
توزانلىرى بەربادلىقىمنىڭ!
ئەينىكىدە تىرىلىمىشىمنىڭ:

دوم كۆمتۈرۈلگەن ئالەم،
شوخ، ئەسەبىي كۈلكە ئۈدارلىق،
قىيامەتلىك مەغرۇر مۇقاملار...
ئۇ قىيادىن چاچرىغان باشاقتەك،
شۇڭغۇپ ئاقار كۆككە بىر دەريا،
بېغىرلاپ قايتار قىزغۇچ يەلكىنىنى قۇياشنىڭ.
بۇژغۇنلىتىپ شارابلىرىنى،
قۇيغىنىچە لىپمۇ-لىپ قىلىپ.
تەشنا قۇياش سۇنغان جاملارغا،
ۋە ئۇ شوراپ قۇرۇتۇپ قويغان
چۈشلىرىمنىڭ بۇلاقلىرىغا...

شىركەيىپ قۇياش بىر تېپىك بىلەن،
ۋەيران قىلدى شەلپەر گۈمبىزىنى ئىزانىڭ.
پەرىشتىدەك ـ يالقۇن قاناتلىق،
كېزىپ ئالەمنى.
يىغىپ چىقتى سۆگەكلەردىن ياسالغان،
قانلار بىلەن ھەل بېرىلگەن ھەيكەللىرىنى.
ئېزىپ ئۇنى ھاۋانچىسىدا چاقماقلىرىنىڭ،
چىلمەللىرىغا قاچىلاپ.
تۆۋەلەرنى ناخشا دېگەن تۈنەلەرنىڭ،
چېكىپ بولۇپ، كۈللىرى بىلەن ـ
كوجە ياساپ پۈراتتى
يېڭى تەختلەنگەن ئوردىسىدا گۇناھىنىڭ،
قىلدى دەرۋىشلىك
شەيتان ئۆي كۆچكەندەك داۋالغىپ تۇرغان
ئازغۇنلۇقنىڭ باغرىدىن باشلانغان چۆللىرىدە...
مۇشتلىشىپ
ھاياجانىنىڭ دېۋىسى بىلەن
ھالسىزلىنىپ دوم چۈشتى، ئاخىر ـ
پەرىشتىنىڭ لەۋلىرىسىمان،
ياق
كالپۇكسىمان بىر جۈپ خەنجەردەك
ئازگىلىغا ئىپلاسلىقىنىڭ...
لۆمشۈپ چىقتى ئازگال لېۋىگە
نۇرلار پاتقىقى!!!

پىتىنقلاندى پەنجىدە نۇرلار...
خەمەكلىدى قۇياش قىرغىنى...

# مەرەز

(ھېكايە)

ياسىن مۇخپۇل

يىلدا بىر – ئىككى قېتىم كاماندىروپكىغا چىقىش ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۈچۈن نورمال ئىش. كاماندىروپكا جەريانىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆرىسىز، ئۆزگىچە مۇھىتتا ئۆزگىچە تەسىراتلارغا ئىگە بولىسىز. ئەگەر كۆڭلىڭىزدىكى بىر – ئىككى كىشى بىلەن چىقىپ قالسىڭىز ئىشلار سىز ئويلىغاندىنمۇ كۆڭۈللۈكرەك بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما تاساددىپىيلىق دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، گاھىدا كۆڭلىڭىزنى غەش قىلىدىغان ئىشلارغىمۇ يولۇقۇپ قالىسىز.

مەن S ناھىيىسىگە بىرنەچچە كۈنلۈك خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەلدىم. مەن ئورۇنلاشقان ياتاقتا تۆت كارىۋات بولۇپ، تۆر تامدىكى ئىككى كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېرىزىگە يۆلەپلا بىر ئۈستەل؛ ئوڭ تەرەپتىكى ئۇزۇنسىغا قويۇلغان ئىككى كارىۋاتنىڭ ئارىسىدا كىيىم ئاسقۇچ؛ سول تەرەپتىكى ئىككى كارىۋاتنىڭ ئارىسىدا بىر شامالدۇرغۇچ بار ئىدى. ياتاققا كىرىپلا تۆر تامنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتقان، بېشىنى غىردىتىۋەتكەن بىرەيلەنگە كۆزۈم چۈشتى.

مەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردۇم-دە، يىغىپ قويغان يوتقاننىڭ قېتىدىن چىقىپ تۇرغان كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا كۆزۈم چۈشتى. «ئادەم بار ئىكەن-دە» دېدىم ئىچىمدە ۋە «تاقىر باش» نىڭ ئايىغىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئورۇنلاشتىم. نەرسە-كېرەكلىرىمنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، يۈز يۇيۇش ئۆيىگە كىردىم-دە، باش-كۆزۈمنى يۇيۇپ، ياتاققا قايتىپ كىردىم. «تاقىر باش» نىڭ قارشىسىدىكى كارىۋاتتا بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت ئاسما مايكا بىلەنلا ئولتۇراتتى.

— بانان يەپ باقامسىز؟ — دېدى يىگىت ماڭا قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن. ئاڭغىچە دەررۇلا ئۈستەلدىكى باناندىن ئىككى تالنى ئېلىپ، بىرسىنى «تاقىر باش» نىڭ كارىۋىتىغا ئېتىپ بېرىپ، بىرسىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى باناننى ئالغاچ، قەيەردىن كەلگەنلىكى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— K ۋىلايىتىدىن كەلدىم، كاسسىرلىق قىلىمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

«تاقىر باش» مۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ گەجگىسىنى تاتىلاپ مېنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئۈچىمىز بىردەمدىلا تونۇشۇۋالدۇق. ئۈچىلىمىز قورداش چىقتۇق، تەبىئىي ھالدىلا قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق، ھەتتا كەچتە بىللىكتە كىنوغا بارماقچىمۇ بولدۇق. «تاقىر باش» ئۆزىنى T ناھىيىلىك نەسىللەندۈرۈش پونكىتىنىڭ ياردەمچى تېخنىكىسى، دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ سۆزلىگەچ سومكىسىدىن بىرنەچچە تال قۇرۇتنى چىقىرىپ بىزنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئالغاچ كەلگەن مايلىق تاپانچامنى ئۈستەلگە قويدۇم.

«دوك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۈچە-

لىمىز تەڭلا چۆچۈپ، ئىشىككە قارىدۇق. ياتاققا 45 ياشلاردىن ھالقىغان، خام سېمىز بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئىشىك تۈۋىدىكى بىلەن ئېچىلغان بولسا كېرەك. قاتتىق زەربىدىن كەينىگە ياندى. ئىشىك يېنىدا «دۈك» قىلىپ «خام سېمىز» نىڭ پېشانىسىگە تەگدى.

— ھۇي، ئاناڭنى ... — دېدى «خام سېمىز» پىسسىڭلاپ، ئاغزىنى بوزۇپ.

ئۇ بېشىغا ئۆكۈپ كەتكەن كۆكلەتا قالپاق كىيىۋالغان بولۇپ، ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي، بويىنىغا بىر پارچە لاتىنى ئوراۋالغان ئىدى. (بويىنىدىكىسى رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاق لۆڭگە ئىكەن) ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بىر يوغان قارا سومكا، سول قولىدىكى تورسومكىدا ئۆزىنىڭ بىشچاپلىق كىيالمىغان بىر چەپار تاۋۇز ۋە بىر قانچە قەغەز كورۇپكا بار ئىدى. بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي ھايانغۇچىقىپ قالدۇق. ياتاق تىمتاسلىقتا چۆكتى. ئۇ گازىرا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئەتراپقا بىر قۇر سەپ سالغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتقا نەرسە-كېرەكلىرىنى تاشلىدى.

«بۇغداي ئۆك» يىگىت «ئاپلا» دەپلا قالدى. «خام سېمىز» پىسەنتمۇ قىلماستىن نەرسە-كېرەكلىرىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئىتتىرىپ ئولتۇردى. يېڭى يۆگەپ قويغان ماتراس بىردەمدىلا بۇلغاندى. (ئۇ ئەسلىدە كۆرپە ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىگەن نېپىز، ھاۋارەڭ، گۈللۈك ئەدىيال ئىدى).

«بۇغداي ئۆك» بىر دەم بىزگە، بىر دەم ئۇنىڭغا قاراپ، ئۆزىنى باسالماي قالدى.

— يەرگە قويسىڭىزمۇ بولاتتى، ھېچ بولمىسا ماۋۇ ئۈستەلگە قويۇڭ، — دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي.

— خوپ! مېنىڭ ھۆرمەتلىك باشلىقىم، — دېدى «خام سېمىز» زەھەرخەندە ئىلىك بىلەن، — كالاڭدىرو پىكىنغا چىقسىمۇ بار ئىكەن — دە، بۇ خەق.

«بۇغداي ئۆك» ئەمدى ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە «تاقىر باش» ئۇنىڭ يېنەلىكىسىگە قولىنى ئېلىپ، ئۇنى سۆزلەتمەسلىككە ئىشارەت قىلدى. «خام سېمىز» ئاغزىنى قىيسايتقىنىچە نەرسە-كېرەكلىرىنى دەس كۆتۈرۈپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئاچچىقى بىلەن ئۈستەلگە دوككىدە قويۇپ ئارقىغا بۇرۇلدى. ئۇ ئەمدىلا كارىۋاتنىڭ لېۋىدىگە كاسىسىنى قويۇشىغا «پاق» قىلدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. نېمە سومكىدىكى تاۋۇز دومىلاپ يەرگە چۈشكەن ئىدى.

— ھەي، ئىسىت! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى «خام سېمىز» ئېچىنىشلىق بىر ئاھاڭدا. ئۇ ئورنىدىن قاندىقلارچە چاچراپ تۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. تاۋۇز ئىچىدە پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن قىپقىزىل تاۋۇز ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك سۈيىنى ئېقىتىپ يەردە ياتاتتى.

— ئەمدىغۇ خۇماردىن چىققانسىلەر، — دېدى ئۇ بىزگە تەنە قىلىپ، — ھەجەپمۇ خەمخورلۇق قىلىپ كېتىۋىدىڭلار مېھرىبانلىرىم ... پۇلىنى تۆلىۋېتەمسىلەر قانداق؟

— ھوي، قانداق گەپ بۇ؟ تاۋۇزنى بىز چاقمىساق، ئەپلىكرەك يەرگە قويسىڭىز بولماسمىدى؟ — «بۇغداي ئۆك» يىگىت ئېتىراز بىلدۈردى.

— نېمە؟ — «خام سېمىز» گاس ئادەمدەك بويىنىنى سوزغان قىلىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى، — ئاتىڭا چالىقنى نەدىن ئۆگەنگەنسەن، ئولتۇرە، چايىڭدا ئولتۇرۇپ سۆزلە. ھەممىسى سەن

uyghurkitap.com



گەدەنگەشىنىڭ كاساپىتىدىن بولدى.

— سالاپىتىڭىزغا لايىقراق گەپ قىلسىڭىز چۇ، — دېدى «بۇغداي ئۆلۈك» يىگىت سەل تېرىككەن قىياپەتتە.

— سىلەر بىر ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى بىلەمسىلەر؟ ئەگەر سەن كىچىككىنە تەربىيە كۆرگەن بولساڭ ئىشىكتىن كىرگەندىلا قولۇمدىكى نەرسىلەرنى دەررۇ ئېلىشىڭ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەمما بىرسىڭ قىمىرلاپ قويۇشنىڭمۇ؟

— تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىشىكنى شۇنداق ئاچامدۇ؟ نېمە ئانداق داڭقان پۇتى گەپلەرنى قىلىسىز؟ — «بۇغداي ئۆلۈك» يىگىتنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، لېكىن ئارتۇق گەپ قىلمىدى. مەنمۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— قانداق داڭقان پۇتى گەپ قىلىپتىمەن، پاكىتىڭ بارمۇ؟

— بولدى، قويۇڭلار، بۇنىڭغا پاكىت سۆزلەش قونچاقنى قېتىق ئىچكۈزگەندەكلا ئىش، — دېدى «تاقىر باش» قولىنى سىلكىپ. ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، ئەمما تالاشقىلى ھەپىلىسى قالمىدى.

— سەنمۇ بارمىدىڭ كىچىك راھىب، — دېدى «خام سېمىز» «تاقىر باش»قا قاراپ ھومىيىپ، — «قارا ئۆچ بۆرجەك»مۇ نېمە بولار.

— تۇتە، مانا ماۋۇنى ئېلىپ، بۇ بىر نېمەڭنى دەررۇ يوقات! «تاقىر باش» يانچۇقىدىن ئىككى سوماۋۇتتىن بىرنى چىقىرىپ «خام سېمىز» نىڭ ئالدىغا ئاتتى-دە، تۈزۈت قىلماي ئىلا تور سومكىنى كۆرسەتىپ قولىنى شىلتىدى، — بولە، تېز بول!

«خام سېمىز» ئالمان - تالمان كاردۋاتنىڭ لېۋىدىكى چۈشكەن پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى-دە، ئۆزىگە ياراشمىغان بىر خىل چەبدەسلىك بىلەن لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— مانا، ھازىرلا... قانچىلىك ئىشتى دەيسىلەر ئۇ، — ئۇ يەردىن تور سومكىنى ئېلىپ، قەغەز كوروپكىلارنى كارىۋىتىغا قويدى-دە، سەل ئىككىلىنىپ دۇدۇقلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، — بۇ، ... بۇ تېخى... بۇنىڭ ھېچنەرىلا بولغىنىمۇ پىتىغۇ، مېنىڭچە بۇنى يېگىلى بولغۇدەك.

— تولا ئەزمەڭنى ئەزمە، بولە تېزراق.

— ھەي، نېمە ئانچىلا كۆكەمىلىك قىللىسەن، مەن سىلەرگە پايدىلىق گەپنى قىلىۋاتىمەن... مانا قارا بۇنىڭ يېرىلىپ كەتكىنىنى دېمىسە ساپ-ساقلا تاۋۇز تۇرمامدۇ، ھېلىلا تېخى پۈتۈن ئىدى... يېمەكچى بولساڭمۇ بەرىبىر پارچىلايسەنغۇ؟ — ئۇ تور سومكىنىڭ تۆشۈكىدىن بارمىقىنى تىقىپ ماڭلاپ، تاۋۇزنىڭ ئېتىدىن بىر پارچىنى ئۈزۈۋېلىپ «پوككىدە» ئاغزىغا ئاتتى-دە، تىلىنى تامشىپ، تامىقىنى چاكىلدىتىشقا باشلىدى، — ھەي نېمىدېگەن تاتلىق تاۋۇز بۇ، قېنى سىلەرمۇ تېتىپ بېقىڭلارچۇ.

ئۇ تور سومكىنى يەنە ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى، تاۋۇزنىڭ سۈيى توقاچ، بانان، قۇرۇتلارنىڭ ئاستىغا ئېقىشقا باشلىدى.

— ھەي، ھەي... بۇ قانداق قىلىق؟ ئەقلىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — «بۇغداي ئۆلۈك» يىگىت غوتۇلدىغىنىچە دەرھال ئۈستەلدىكى كونا گېزىتنى كارىۋىتىغا يېيىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى ئوراپ بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويدى-دە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا «تاقىر باش» بۇزادىرىمىز غولدۇسلىغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندى.

بىز سىرتقا چىقىپ تاماكا چېكىشكەچ
قالغۇچە پاراڭلىشىپ، كۈلۈشتۇق. ئەمما
سىرت ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، يەنە چىدىيالماي ياتاققا گىرىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولدۇق. بىز ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا
بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.
ياتاقتا خۇددى ماتور گۈرۈلدىگەندەك بىر
خىل يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلانماقتا ئىدى.
«خام سېمىز» لاتا خېيىنىمۇ سالماستىن،
كارىۋىتىدا خورەكنى دۆڭ قويۇپ، بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى. ئاقىرىپ كەتكەن تاۋۇز
شاپاقلىرى ۋە شالتاق ئۇستەلنى بىر ئالغانىدى. كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇلغان تېز سېمىكىدىن تاۋۇز شالتىقى تېخىچە تەپچىرەۋاتاتتى.

— كېچىچە پاشىغا يەم بولىدىغان بولدۇق، — دېدى «بۇغداي ئۆڭ» يىگىت شاپاقلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— ئالۋاستىغا يولۇقتۇقمۇ نېمە؟ — دېدى «تاقىر باش» مۇ ماڭا قاراپ زورىغا ھىجىيىپ.

— بۈگۈن كېچە تراكتور پونكىتىدا ئۇخلايدىغان بولدۇق، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن.

بىز ياتاقنى تازىلاشقا كىرىشتۇق. «بۇغداي ئۆڭ» يىگىت تىنماي غوتۇلدىدى، ئۇ جاۋۇرغا سۈرتەكىرىپ ئۇستەلدىكى شالتاقلارنى سۈرتتى. بىر دەمدىلا ياتاقنى پاك ـ پاكىز قىلىۋەتتۇق. بىر چاغدا «بۇغداي ئۆڭ» يىگىتنىڭ قولىدىكى قۇرۇق جاۋۇر تۇيۇقسىز يەرگە چۈشۈپ داراڭلاپ كەتتى. «خام سېمىز» چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ يۇمۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ بىزگە قاراپ ھومىيىپ قويۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. ئەمما قايتىدىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، غودىراشقا

باشلىدى:

— يا بىردەم ئارام خۇدا ئۇخلىغىلى قويمىغان بۇ خەق. ھەي، ... ھەجەپمۇ تويدۇما، — «خام سېمىز» ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، ئۇ خۇددى بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك ھەممە يەرنى ئالا قويماي ماللىمىغىلى تۇردى.

— ھېلىقى تېز سېمىكىنى ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى «بۇغداي ئۆڭ» يىگىت ماڭا پىچىرلاپ.

— مەن ئەخلەتكە تاشلىۋەتكەن، — دېدى «تاقىر باش» مۇ پىخىلداپ كۈلۈپ.

بىر ھازادىن كېيىن «خام سېمىز» ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سومكىسىغا سېلىشقا باشلىدى. ئۈچ دانە قەغەز كورۇپكا سومكىغا سىغمىدى. ئۇ ئىككىلىنىپلا بىر تۇتام ئاچقۇچقا چېتىلغان تىرناق ئالغۇچنى چىقىرىپ، كورپىنىڭ كىرلىكىنى قايرىدى ـ دە، گىرلىكنىڭ بىر چېتىنى كەستى.

— ھەي، ... يولداش! — دېيەلىدى ئارانلا «بۇغداي ئۆڭ» يىگىت. «خام سېمىز» «جارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كىرلىكنىڭ پەۋزىدىن ئۇزۇن بىر تال شوينا يىرتىۋالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز! — دەۋەتتىم مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي.

— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى «خام سېمىز» ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەجەبلىنىپ، — باشقا مېھمانخانىغا يۆتكەلمەپ كەتسەم بولغۇدەك، بىر كېچىمۇ قونمۇدۇم، پۇلنى بىكارغا ئالامدۇ بۇلار، — ئۇ غوتۇلدىغىنىچە قەغەز كورۇپكىلارنى ھېلىقى شوينا بىلەن باغلاپ پۇپۇچەك چىقاردى ـ دە، بېگىز قولىغا ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر قولىغا سومكىنى ئېسىپ ماڭغىلى تەمشەلدى.

www.uyghurkitap.com

— كىرلىكنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتەمسەن قانداق؟ — دېدى «تاقىر باش» «خام سېمىز»نىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ. ئۇ بېلىنى تۇتۇپ ئىشىكتە توغرىسىغا تۇرۇۋالدى. «خام سېمىز» يۇمشاق ۋە سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەممىمىزنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ چىقتى-دە، دەررۇ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتتى.

— ئۆكىلار، بىزنىڭ ھېچقانداق زىددىيىتىمىز يوقتۇق. نېمىشقا ھەممە ئىشقا چېپىلىپلا يۈزىدىغانسىلەر، سىلەرگە نېمە پايدىسى، بۇ يەسىلەرنىڭ مېھمانخانىگىلار بولمىسا...

— ئاراڭلۇسەن، قاراپ تۇرۇپ يېپ-يېڭى كىرلىكنى ئىرتىۋەتتىڭغۇ... ساقلىنىڭ بولغىنى بىلەن دۆت نېمىكەنسەن. پۇلىنى تۆلىۋېتىپ مالىڭ! — «تاقىر باش» يېگىت ئىشىكنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ مەزمۇت تۇرۇۋالدى.

— ۋاي-ۋۇي، ئۆكا! شۇنچىلىك ئىشقىمۇ چىچىلىغان بارمۇ؟ مەرتلىك دېگەن ئېسىل پەزىلەت ئۆكا، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ چوپچۇك بىز ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرساڭ، مۇشۇ بەستىڭگە يارىشىماي قالارمىكىن.

— بولدى-بولدى، تالاشمايلى، راستىنىلا قانچىلىك ئىشتى ئۇ، كەتسە-كەتمەدۇ، — دېدى «بوغداي ئۆڭ» يېگىت ئارىغا چۈشۈپ. ئۇ «تاقىر باش» نىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتتى. «خام سېمىز» پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن غىپپىدە تېيىلىۋالدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن «بوغداي ئۆڭ» يېگىت بىزگە قاراپ:

— قۇتۇلغىنىمىزغا شۈكرى دەيلى. بولمىسا بۈگۈن كېچە ھەرقايسىمىزغا ئۇيقۇ يوق. ئۇ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ. دېجورنىخانىدىكى دەپتەرگە ئىسىم-فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، ئېنىق ئادرېسى، تولۇق يېزىلغان تۇرسا، — دېدى سىرلىق كۈلۈپ. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. ھەم بۈگۈن بولغان ئىشلارنى قايتا تىلغا ئېلىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، مېھمانخانا ئاشخانىسىغا چىقتۇق.

— ئۇ راستتىنلا كەتمەپتۇ، — دېدى «تاقىر باش» ھەيران بولۇپ. بىزمۇ داڭ قېتىپلا قالدۇق. «خام سېمىز» بىزدىن بۇرۇن ئاشخانىغا كىرىپ بوپتۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر جوزىنى ئېلىپ، بىخارامان ھالدا بېگىز قولى بىلەن بۇرنىنى كوچىلاپ ئولتۇراتتى.

ئۇ بىزنى كۆرۈپ «قىخخى» دەپ تامىقىنى شۇنداق بىر قاتتىق قىردىكى، مەن ئۇنىڭ ئۆپكىسى چېقىلىپ چىقمىغىدى، دەپ قالدىم. ئاشخانىدىكى ھەممە كىشى بۇ ئاجايىپ دەھشەتلىك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. ئۇ «مىت» قىلىپمۇ قويماستىن جايىدا ئولتۇرۇپلا ئىشىك تۈۋىدىكى گارسۇنغا توۋۇردى.

— نەدىن كەلگەن تومپاي بۇ؟ قىلىقىنىڭ سەتلىكىنى، — دېدى تاماق توشۇۋاتقان بىر كۈتكۈچى قىز غودۇراپ. ئەمما «خام سېمىز»، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئەكسىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىزگە بىر ھومىيىپ قاراپ قويدى-دە، پۇتىنى ئالماپ ئورۇندۇققا قېيپاش ئولتۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ بىزدىن «ئۆچ» ئالغانلىقى ئىدى. ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلار خۇددى ئېكراندا توختىتىپ قويۇلغان كۆرۈنۈشكە ئوخشاش ھەر قايسىسى ھەر خىل قىياپەتتە، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە

قېتىپ قېلىشقانىدى. تاماق يەۋاتقان بىر ياش ئايال چوكىسىنى تاشلىدى-دە، قولياغلىقىنى ئاغزىغا تۇتقىنىچە «ھۆ» دەپ سىرتقا ئېتىلدى. ئاشخانىدىلەرنىڭ ھەممىسى «خام سېمىز» غا ئالىيىپ، غودۇراشقىلى تۇردى. ئەمما ئۇ ئالىيىش، غودۇراشلارغا قىلچە پىسەنت قىلماستىن، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، نېرىدىكى شىرەگە يۆتكەلمەكچى بولدى. شىرە ئەتراپىغا قويۇلغان سەككىز ئورۇندۇقنىڭ بىرسى تېخى بوش ئىدى. ئۇ ئالمان-تالمان ھېلىقى بوش ئورۇندۇققا ئۆزىنى ئاتتى.

— ھەي، يولداش، ئۇنىڭدا ئولتۇرماڭ، — دېدى قولىنى سۈرتكەچ شىرە تەرەپكە كېلىۋاتقان بۇدۇر چاچ، ئوماق قىز، — ئورۇندۇقتا پومىدۇر ... — ئەمما «خام سېمىز» نىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى ئورۇندۇققا چۆكۈپ قالدى. ئۇ ئولتۇردى-دە، شۇئان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشتىنى پومىدۇر شالتاقلىرى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئاشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تۇتالماي كۈلكىدىن تېلىقىپ قېلىشتى.

— نېمىگە كۈلۈشىسەن! — دېدى «خام سېمىز» ئەتراپىدىكىلەرگە غەزەپ بىلەن، ئارقىدىنلا بۇدۇر چاچلىق قىزغا قاراپ ھۆمايدى، — كىم سېنى ئورۇندۇققا پومىدۇر قويسۇن دېدى، ئۇستەلگە قويساڭ بىرەرسى كەملەپ قالامتى؟

— كەچۈرۈڭ تاغا، مەن ئالدىراپ كېتىپ... — بۇدۇر چاچلىق قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەپۇ سورىدى.

— تاغىسىمىشمەن ... — دېدى ئۇ ئاچچىقىنى باسالماستىن، — ئەمدى ماڭا غىلجىڭلىغىلى تۇردىغۇ بۇ «دەيىۋ خېنىم».

«ئوماق قىز» يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي مەجھۇل بىر روھتا قېتىپ قالغانىدى.

— بولدى قىلىڭ! — دېدى ئەللىكتىن ھالقىغان ئوتتۇرا بوي كىشى «خام سېمىز»غا تەئەددى بىلەن، — بۇدۇشقاقتەك ھەممە ئادەمگە تەڭ چاڭگال سالىدىكەنسىزغۇ، ھېچگەپتىن-ھېچگەپ يوقلا كىچىككىنە بىر قىزغا لەقەم قويۇپ بولدىڭىز.

«خام سېمىز» ئەمدىلا ئاغزىنى قويۇۋېتىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى ئاڭغۇچە پومىدۇر قويۇلغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كۆزەينەكلىك كىشى ئاستا ئۇنىڭ پېشىدىن تارتتى ۋە ئۇنىڭغا پىچىرلاپ دېگۈدەك: — ئىشتىنىڭىزنىڭ پەتلىسىنى ئېتىۋېلىڭ، سەت بولىدۇ، — دېدى.

— خوپ! ھۆرمەتلىك باشلىقىم، سىزگە سەت كۆرۈنىۋاتىمەنمۇ؟ ماۋۇ غىلجىڭ شوينا بەل بىلەن كۆز قىسىشىپ ئولتۇرماقچىمىدىڭىز، بايىلا شۇنداق دېسىڭىز بولماتتى.

— نېمانداق تەتۈر ئادەمسىز، باشقىلارغا ھاقارەت قىلىدىغانغا نېمە ئاساسىڭىز بار؟

— يەنە قانداق ئاساس كېرەكتى؟ ئۇ غىلجىڭ قولىنى يۇيۇپ كەلگۈچە ئۇنىڭ پومىدۇرىغا ساقچى بولۇپ ئولتۇرغىنىڭىز يەتمەمدۇ، — ئۇ ئاپئاق كىرلىك قاپلانغان ئورۇندۇقتىكى مىجىلىپ كەتكەن پومىدۇرلارغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.

— قانداق ئادەم بۇ، سىز ... سىز، — كۆزەينەكلىك كىشى بىر نېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى بېسىپ قويۇشتى. شۇنداقتىمۇ: — «مەزەر»، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن پىچىرلاپ، ئۇنىڭ گېپىنى «خام سېمىز» ئاڭلىمىدى، ئەمما كۆزەينەكلىك كىشىگە قاراپ بىر نەچچە قېتىم ئالايدى. ئىشتىنىنىڭ پەتلىسىنىمۇ

ئەتمەيدى.

«بۇغداي ئۆك» يىگىت ئاخىرى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — ئېشتىنىڭىزنى سۈرتىۋېتىپ، بۇ شىرەدە ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— نېمە بىلەن سۈرتىمەن، ئاشپەزنىڭ داسمىلى بىلەنما؟ — دېدى ئۇ ئۆچىنى «بۇغداي ئۆك»دىن ئالماقچى بولغاندەك. ئاڭغۇچە «ئوماق قىز» دەررۇ قولياغلىقىنى چىقىرىپ «بۇغداي ئۆك» يىگىتكە بەردى.

— قېنى بۇياققا ئۆرۈلۈڭ، — دېدى يىگىت ياغلىقىنى ئېلىپ.

— بولدى، مېھرىبانلىرىم، ئۆزۈم سۈرتەي، — دېدى «خام سېمىز» ئۇنىڭ قولىدىن قولياغلىقىنى سىلىكىپ ئېلىپ. نېرىدىقى شىرەدىكىلەر: «هەي...» دەپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويۇشتى ۋە بېشىنى چايقىشىپ تاماق يېيىشكە تۇتۇندى.

ئۇ «بۇغداي ئۆك» يىگىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرماقچى بولدى. باياتىن بېرى ئۇنىڭ هەرىكىتىگە سەپ سېلىپ قاراپ تۇرغان كۈتكۈچى قىز: — هەي، هەي... توختاڭ، ئولتۇرماڭ دەپ ئۇنى توختىتىۋالدى.

— نېمە، هەي، هەي... سىزمۇ باشلىقما، — دېدى «خام سېمىز» ئاغزىنى قىسايتىپ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ هەممىسىلا باشلىقمۇ-نېمە؟

— سىزنى ئازراق باشقۇرۇپ قويمىسىمۇ بولمىغۇدەك، — دېدى كۈتكۈچى قىز چاقچاق ئارىلاش — كۆرمىدىڭىزمۇ، ئاپئاق كىرلىكنى بۇلغىۋەتتىڭىز، ئۇنى كىم يۇيىدۇ؟ ئاۋۇ بىرسىنىغۇ بۇلغاپ بولدىڭىز، بۇمۇ يېتىدۇ.

— كىم يۇيىدۇ، دەمسىزا، پۇلىنى بىكارغا ئالغىنىڭىز بارمۇ، سىز يۇماي كىم يۇياتتى. يا مەن كىر يۇيىدىغانغا خوتۇنۇمغا ئالغاچ كەتسەم بولامتى؟

— نېمانداق تېتىقسىز ئادەم ماۋۇ، قىرغىنىنى تۈيمايدىغان. بۇنداق گەپلىرىڭىزنى دوقمۇشتا چىقىپ كوچىدىن ئاشقانلارغا دەپ بېرىڭ! بۇ هۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسى ئۇقتىڭىزمۇ؟ تىلىڭىزنى سەل يىغىۋالسىڭىز بولارمىكىن.

ئەتراپتىكىلەرمۇ تەڭلا غودۇراشقا باشلىدى. «خام سېمىز» ئەپسىز ۋە زىيادە كۆپ گەپ قىلىش ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى دەررۇ هېس قىلدى-دە، ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ پومىدۇر شالتىقىنى سۈرتكەن قول ياغلىقنى چىڭ پۇرلاپ غەزەپ بىلەن ئىشىك تۈۋىدىكى گارشوكقا قارىتىپ ئاتتى. هەي، ئادەمنى نەس باسسا تۈز يولدىمۇ پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ، دېگەن راست گەپ ئىكەن. ئۇنىڭ «تۆكۈرۈك ماھارىتى» يۇقىرى بولغان بىلەن «ياغلىق ئېتىش» هەرىكىتى ئوڭۇشلۇق بولمىدى. دەل شۇ چاغدا قول ياغلىق تېز قەدەم بىلەن تاماق توشۇۋاتقان كۈتكۈچى قىزنىڭ مۇرىسىگە تېگىپ قاڭقىپ چىقتى-دە، ئىشىك تۈۋىدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇلغان شورپىغا «پوككىدە» چۈشتى. كۈتكۈچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. بىردەمدىلا ئاشخانا قىيا-چىياغا تولدى.

بىر توپ ئادەم «خام سېمىز»نى ئوتتۇرىغا ئېلىپ «خام تالاش» قىلغىلى تۇردى. ئارىدىن ئىككى-ئۈچەيلەن ئۇنى سىلىكىپ، تارتىشتۇرۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئوخشىغان پومىدۇر شورپىسى بولدى-دە، — دېدى كۆزەينەكلىك كىشى شىرەدىكىلەرگە قاراپ كۈلگىنىچە.

— هەي، نەدىكىنى، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بەستلىك يىگىت، — رەسمىي شالتاق شورپىسى دەڭلار.

ئاشخانىدا ئۇزۇنغىچە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىلمىدى. ئامىقىمىزمۇ كېچىكمەي چىقتى. بىز ئۇچەيلەن ئاماق يەپ بولۇپ يەنە شۇ قىزىقارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈستىدە پاراڭلاشقاچ بىر دەم كوچا ئايلىنىپ ياتاققا قايتتۇق. كىنو كۆرۈشكىمۇ ھەپسىلىمىز قالمىدى. بىز ياتاقتا كىرىپلا بىر-بىرىمىزگە قاراپ يەنە كۈلۈشۈپ كەتتۇق. «خام سېمىز» يەنە ھېلىقى ئورنىدا ئاياغ تەرىپىنى ئۇچۇق قويۇپ، باش تەرىپىنى يوتقانغا چىڭ پۈركەپ، مەززە قىلىپ خورەك تارتىۋاتاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، «تاقىر باش» نىڭ كارىۋىتىدا ناتونۇش سومكا، كىتاب ۋە بىرمۇنچە لاتا-لۇقىلار تۇراتتى. ئىككى پارچە كىتاب يەردە، ماتېرىيال سومكىسى، خاتىرە، قەلەم، كۆزەينەك دېگەندەك نەرسىلەر ئۈستەلدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئاڭغىچە ئىشىكتىن يېشى 60 لارغا تاقاشقان، ئاقارغان چاچلىرىنى رەتلىك تارىغان بىر مويسىپىت ئادەم، مۈرىسىگە بىر لۆڭگىنى ئارتىپ، بىر قولىدا سوپۇن، ساقال ئالغۇچ؛ يەنە بىر قولىدا چىش چوتكىسى ۋە چىش پاستىسى سېلىنغان كۇرۇشكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— سىلەرمۇ مۇشۇ ياتاقتا ياتامسىلەر، — دېدى ھېلىقى كىشى ئىللىق چىراي بىلەن. ئۇ گېپىنى تۈگەتمەيلا خورۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كارىۋاتقا قارىدى ۋە دەرھال يەردىكى كىتابلارغا، «تاقىر باش» نىڭ كارىۋىتىدىكى، ئۈستەلدىكى نەرسە-كېرەكلەرگە بىر قۇر قاراپ ھەيران بولدى.

— نېمە ئىشتۇ بۇ، بۇ ئادەم قاچانلاردا كىرىپ يېتىۋالغاندۇ، — دېدى ئۇ ئەجەبلىنىپ.

— ئادەم ئەمەس، ئالۋاستى ئۇ، — دېدي «تاقىرباش» نىڭ سەپرايى ئۆرلەپ.

— چاقچاقمۇ ئۇستا ئىكەنسىز... قىزىق ئىش، مەن بايىلا بېلەت كەستۈرگەن: يېرىم سائەتمۇ بولمىدى تېخى، كۈتكۈچىلەردىن ئۇققۇشۇپ باقساق بولغۇدەك، بىر دەمدىلا خورەككە چۈشۈپ كەتكىنىنى قاراڭلارچۇ بۇنىڭ، — ئاق چاچلىق كىشى نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغاچ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى.

— ئالۋاستى دېسىمۇ بولىدۇ، بۇ دۇشقاق ئالۋاستى بۇ، — دېدى «بۇغداي ئۆڭ» يىگىتمۇ «تاقىرباش» نىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — بىر كۈن خورەك تارتىپ چىقتى، تۇۋا، نەدىن كېلىدىغاندۇ بۇنىڭغا ئۇيقۇ دېگەن.

— ئۇنداقتا بۇ ئادەم ئەسلى مۇشۇ ياتاقتىمىدى؟

— ھەئە، — دېدىم مەن جاۋابەن، — بىراق باياتىن باشقا مېھمانخانىغا يۆتكىلىپ كېتىمەن، دەپ چىقىپ كەتكەن. يەنە بۇ يەرگە كېلىپ يېتىۋاپتىغۇ-تاڭ.

— ھە، مۇنداق ئىش ئىكەن-دە. ئەگەر مېھمانخانىدىن كېتىپ قالسا، كارىۋات نومۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر يېنىپ كەلگۈدەك بولسا باشقىدىن تىزىملىتىشى كېرەك-تە.

— مەن بۇنى ئويغىتىپ، كەشىنى توغرىلاي، — «تاقىرباش» دۈشكەلەپ، سىلكىشتۈرۈپ يۈرۈپ «خام سېمىز» نى ئويغاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئەتراپىغا نەزەر سالدى-دە، بىردىنلا قاڭقىغان توپتەك ئورنىدىن چاچراپ دەس تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم.

— ۋوي، ماجۇيجاڭغۇ بۇ، قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟ سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟،

www.uyghurkitap.com

ئوكۇممۇ، چۈشۈممۇ بۇ؟ ئەتە كەلمەكچى ئەمەسمىدىڭىز؟... مەن سىزگىمۇ مۇنچىسى بار، ئايرىم ياتاق تىزىملىتىپ قويغان، ھەتتا تاماقنىممۇ ئايرىم قىلىشنى بۇيرۇغان. يولدا قىينالمىغانسىز، ھەي ...مەن، مەن...

— سىز ئىككەنسىزغۇ، كىمكىن دەپ كېتىپتىمەن تېخى، ئايرىم ياتاق، ئايرىم تاماقنىڭ نېمە ھاجىتى. مەن سىزگە ئۇنداق دېمىگەنىغۇ...ھە، بۇرۇن كېلىۋاپسىزغۇ، دەمسىز؟ يىغىننى بىر كۈن بۇرۇن ئاچىدىغان بولۇپ قالدۇق. شۇڭا بۈگۈن كېلىشىم. ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدىڭىزمۇ؟

«بۇغداي ئۆك» يىگىت دېرىزىدىگە قاراپ غودۇراپ قويدى:

— ئۇرمىسىمۇ داراڭلاپ تۇرىدىغان دۇمباقكەنغۇ بۇ!

— ئىش ... ئىشلارنى دەمسىز؟ — دېدى «خام سېمىز» كېكەچلەپ، — ئىشلار جايىدا يۈرۈشىۋاتىدۇ، ھەممىسى جايىدا شۇ. .شۇ. .ناھىيە دېگەندە ئادەم تاپماق ناھايىتى تەسكەن. بۇ خەقنىڭ قاشالىقىنى گەپ قىلماي يالا قويۇڭ. ھەممىلا يەرگە سىزدەك بىر باشلىق دورىكەن، دەپ قالدىم...سىز غەم قىلماڭ، ھەممىنى ئەتە بىر دەمدىلا ھەل بولىدۇ، قانچىلىك ئىشتى دەيسىز ئۇ... ئەكىلىك ماجۇيجاڭ، ئەكېلىڭ مەن يىغىشتۇراي. ھەي، مېنىڭ مۇشۇ گالۋاڭلىقىم ... ھەي، ھەر قايسىڭ چىڭخۇاگمىياۋنىڭ بۇتىمۇ؟ نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن، تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپ كېتىشكىنىنى ماۋۇلارنىڭ. ماجۇيجاڭ قانداق ئادەم بىلەمسىلەر؟ — ئۇ ئەمدى ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ بىزنى ئىشقا بۇيرۇغىلى تۇردى. «بۇغداي ئۆك» كۆلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، تەتۈر قاراپ ئاغزىنى قولى بىلەن چىڭ ئېتىۋالدى. مەن يا كۈلۈشۈمنى، يا غەزەپلىنىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. «تاقىر باش» نىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— ھەي، خاپانباش، سەن ئادەممۇ، ئالۋاستىمۇ؟

— چاقچاق قىلما، بۇ ئادەمگە، — دېدى «بۇغداي ئۆك» «تاقىر باش» نىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ، — مەڭدەپ قالغاندەك تۇرىدۇ، تېخى ئۇيقۇسى ئېچىلمىدى ئەمەسمۇ، بىر ئاز ئېچىلىۋالسۇن،

«خام سېمىز» بىزگە ئالدىماپ قويۇپ، مايمۇندەك چەبدەسلىك بىلەن ماجۇيجاڭنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. «تاقىر باش» يەردىكى كىتابنى شۇنداق قولغا ئېلىشىغا، ئۇنىڭ قولىدىن كىتابنى يۇلۇپ تارتىۋالدى.

— چوڭ سومكىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىڭا — دېدى ماجۇيجاڭ «خام سېمىز»غا.

— ماقۇل، ھازىر! — دېدى «خام سېمىز» پەرمانبەردارلىق بىلەن، — ئۇ سومكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، قولىنى قىزىق ياغقا تىقىۋالغاندەك دەررۇ تارتىۋېلىپ، سومكىنىڭ سىرتىمىسىنى ئېچىپ بىر چەتكە قويۇپ، كىتاب-خاتىرىلەرنى رەتلەشكە باشلىدى.

— ھەي، ماجۇيجاڭ، سىز ئۇقمايسىز، — دېدى «خام سېمىز» مۇلايىم قىياپەتتە، — بۇ يەردە ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — ئۇ يەنە بىزگە لاپ-لاپ قىلىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر نەچچە قېتىم قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلىقى كۆتكۈچى دېگەن نەرسىلەرمۇ شۇنداق قوپال نەرسىلەر ئىكەن. كېچىنىڭ

نەرسە-كېرەكلىرىنى ئۆزىدىن سورىمايلا ئۇيياق، بۇيياق قىلىۋەتكەن. ھۆكۈمەت شۇ قەدەر ئاق نېمىلەرنىمۇ پۇل بېرىپ باقىدىكەن. گايىدا «توۋا» دەپلا قالىمەن، تېخى ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوقلا «جەرىمانە» دەپ تۇرۇۋېلىشىچۇ ئۇلارنىڭ. شۇنداق مۇتتەھەم دەڭا، بەكرەك يۆتىلىپ قويسىڭىزمۇ «جەرىمانە» ئالىدۇ ئۇلار، سىز ئۇقمايسىز ماجۇيجاڭ، ھېلىلا مېنىڭدىن ئون كوينى «جەرىمانە» دەپ، پەلەكۆچتىن قىل سۇغۇرغاندەك سۇغۇرىۋالدى دەڭا، كىم بىلىدۇ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالامدۇ تېخى ئۇ پۇلنى.

ئەمدى «تاقىر باش» نىڭ تاقىتى تاشتى.

— نېمانداق كاززاپ نېمە سەن، گەپ قىلماي تۇرسا، باشقىلارنى «ساراڭ» دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن. سەندىن باشقا كىم چۆرۈۋېتىدۇ بۇ نەرسىلەرنى. كوتكوچىلەر ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تازىلىق قىلىدىغان تۇرسا.

— ھىم، قارا، بۇنىڭ مەككارلىقىنى. ھەر قايسىڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بەلكى باياتىن مەندىن ئۆچ ئالىمەن دەپ، ماجۇيجاڭنىڭ نەرسىلىرىنى...

«بۇغداي ئۆڭ» يىگىت ئۇنىڭ گېپىنى چورتلا كەستى:

— بولدى قىل! چۇۋۇتقاڭ چۇۋۇلۇپلا كەتمىسۇن يەنە.

— كىشىگە تۆھمەت قىلىشقا نېمە ئاساسىڭلار بار؟ — «خام سېمىز» بوينىنى تولغاپ غودۇراپ قويدى.

— ساڭا يەنە قانداق ئاساس لازىمتى؟ — «تاقىر باش» «خام سېمىز» نىڭ تەلەپپۇزىنى دورىدى، — بىزغۇ ئۈچىمىز بىللە بولدۇق. سەن ھېلىقى كىر يۇيىدىغان خوتۇنۇڭنى ئىسپاتقا چاقىرىپ كېلەمسەن-يا؟

— قاراڭا، ماجۇيجاڭ، بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ بىشەملىكىنى. ئەمدى مېنىڭ خوتۇنۇمنى چىشلەپ تارتقىلى تۇرىدىغۇ بۇلار. ئەگەر يەنە بىر دەم سۈكۈت قىلسىڭىز تېخى سىزگىمۇ ھۇرپىيىشتىن يانمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەلپازىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى قارىمامسىز بۇلارنىڭ.

— ھەي، تالاشقۇدەك نېمە ئىش بار. خاتالىق بولسا تۈزىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسىڭىزلا بولىدىغۇ، ھە! قانداق دېدىم؟

— توغرا دېدىڭىز ماجۇيجاڭ، توغرا دېدىڭىز! ئەمما ماۋۇ نېمىلەر نېمىشقا مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىپلىۋالىدۇ دەيمەنا، يا مەن بۇلارنىڭ قوغۇنلۇقىغا ئوغرىلىققا كىرىمىسەم، — «خام سېمىز» بىر دەمدىلا سۇغا چۈشكەن ئىتتەك شۈمشىيىپلا كەتتى. ماجۇيجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ھەممىمىز قاتتىق كۈلگىنىدىن ئۆزىمىزنى تۇتالماي قالدۇق. قورساقلىرىمىزنى چىڭ مۇجۇپ، كارىۋاتلارغا دومىلاپ كەتتۇق. ماجۇيجاڭنىڭ «ۋايجان» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ماجۇيجاڭ باياتىن «خام سېمىز» چەتكە قويۇپ قويغان چوڭ سومكىدىن قولىنى تارتىپ ئالدى. ئۇنىڭ ھەسەل يۇقى قولىدىكى قان بىردەمدىلا يەرگە تامچىدى. «خام سېمىز» نىڭ «خاسىيەتلىك ھۈنىرى» بىلەن سومكىدىكى ھەسەل قۇتىسى چېقىلىپ، سومكا ئىچىدىكى ھەممە نەرسە بۇلغانغان ئىدى.

— ۋاي، ماجۇيجاڭ، سىزنىڭ قولىڭىز، — دېدى «خام سېمىز» ئالاقزادىلىك بىلەن. ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com

ھەتتا چانىقىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى، — تېز بولۇڭلار، لاتا تېپىڭلار، لاتا! ھەي لاتىلار، بولساڭلارچۇ، نان قېپىلار!...ماجۇيجاڭ، مېنى كەچۈرۈڭ ماجۇيجاڭ. مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، جېنىم ماجۇيجاڭ...سىزنىڭ قولىڭىزغا سانجىلغان نەرسە مېنىڭ كۆزۈمگە سانجىلسىچۇ، ھەي، ئىست! نېمە پېشكەللىكتۇ بۇ؟ نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق بىنەتلەي تۇغۇلۇپ قالغان بەندە بولغىدىم، جېنىم ماجۇيجاڭ!

— مەرەز! — دېدى «تاقىر باش» گۈلدۈرماممىدەك ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن. «خام سېمىز» قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى تېمتاسلىقتا چۆكتى. ئۇنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ لەششىدە تېزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ماجۇيجاڭغا ياكى «تاقىر باش» قا تىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

1991 - يىل، يانۋار. ئۈرۈمچى

**مۇشتەرىلەر دىققىتىگە:**

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى مەملىكىتىمىزدە چىقىۋاتقان خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللاردىكى پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، ئەدەبىي ئوبزور، نەزەرىيىۋى ماقالە، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 51

باھاسى: 1.10 يۈەن.

كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» تەھرىر بۆلۈمى

# ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل

(بىر پەردىلىك ئوپېرا)

فىردەۋس ئەزىزى

ۋاقتى: 1947 - يىل.

روللاردا:

رىزۋانگۈل: 18 ياشلاردا، مىللىي ئارمىيە ھەمشىرىسى. بىر ئوفىتسېر ۋە بەش - ئالتە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى. قىش، تاڭ سەھەر.

سەھنىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر قانچە دەرەخ يېنىغا يېقىلغان گۈلخاننى چۆرىدىشىپ بەش - ئالتە نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، بىر ئوفىتسېر ئاكاردېئوندا، يەنە بىر جەڭچى راۋابتا مۇڭلۇق «جەڭچىلەر مارشى»نى چالماقتا. ئەتراپىدىكى جەڭچىلەر دەسلەپتە دىماقتا، ئاندىن ئومۇمىي خور ئېيتىدۇ:

ۋەتەننىڭ ئوغلىمىز، جەڭگىۋار جەڭچىمىز،
فرونتلاردا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىز.
ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن قانلار تۆكۈپ،
دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىمىز.

«+» بەلگىلىك ھەمشىرە سۈمكىسىنى ئاسقان رىزۋانگۈل دەل - دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن ئوتۇن كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىدۇ ۋە گۈلخانغا ئوتۇن تاشلايدۇ. گۈلخان تېخىمۇ ئۇلغىيىپ يېنىشقا باشلايدۇ. ئوت يالقۇنى سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بۇرجەكتە چىقىپ تۇرغان تۈگمەننى ۋە ئۆگزىلەردىن ساڭگىلاپ تۇرغان قار - مۇزلارنى يورۇتىدۇ.

ئالغا! ئالغا! چاپقىن دۈشمەننى!
ھۇررا! ھۇررا! قىرغىن مەلئۇننى.
قانلار كېچىپ تاغ - داۋان ئېشىپ،
ۋەتەن قوينىدىن قوغلا دۈشمەننى!

ناخشىدىن كېيىن لەرزان ۋە شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى چېلىنىدۇ.

بىر ياش ئەسكەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. يەنە بىر جەڭچى يەردىن ئىككى تال تاشنى ئېلىپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ چاقىلدىتىپ چالىدۇ.

يىگىت تۈرلۈك قىزىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ رىزۋانگۈلنى ئۈسسۇلغا تارتىدۇ. رىزۋانگۈل سەل تارتىنىپراق + بەلگىلىك سومكىسىنى يېشىۋېتىپ، نازكەرەشمە ھەرىكەتلەر بىلەن ئۈسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە بېقىشىپ ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئۈسسۇل ئوينىشىدۇ. يىگىت چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈۋالىدۇ. رىزۋانگۈل قولىدىكى ياغلىق بىلەن يىگىتنى يەڭگىل ئۇرماقچى بولىدۇ. يىگىت ئۇنىڭ ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋالىدۇ. قىز ناز بىلەن ياغلىقىنى تارتىپ ئۈسسۇل ئويناشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىر - بىرىگە تىكىلىدۇ. قىز ئىختىيارسىز ياغلىقنى قويۇۋېتىدۇ. يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ياغلىقنى ئاستاغىنە لېۋىگە تەگكۈزىدۇ، ئۈسسۇل داۋاملىشىدۇ. ئۇپۇق ئاستا - ئاستا ئاقىرىشقا باشلايدۇ.

ئېگىز - ئېگىز دۆڭلەر، دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

دۆڭ تەرەپتىن بىر خەۋەرچى ئەسكەر ئالدىراش كىرىدۇ.

— دوكلات. دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، يېقىنلا كېلىپ قالدى.

دۈشمەننىڭ پىلىموتىدىن ئوق ئېتىلىشقا باشلايدۇ.

جەڭچىلەر جەڭ ھالىتىگە ئۆتىدۇ. (مۇزىكا جەڭچىلەر مارشى) ھېلىقى ئۈسسۇلچى يىگىت رىزۋانگۈلگە ياغلىقنى بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قوينىغا سالىدۇ - دە، دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ سەپداشلىرى قاتارى دۈشمەنگە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرىدۇ. بىر جەڭچى تۈگمەن تەرەپكە ئۆمىلەيدۇ - دە، ئاز قالغاندا ئوق تېگىپ يىقىلىدۇ. رىزۋانگۈل ئوق ياغمۇرىغا قارىماستىن، ھەر تۈرلۈك ئۈسسۇل ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ يارىدار جەڭچىنىڭ يېنىغا بارىدۇ - دە، ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ چىقىدۇ.

ھېلىقى ئۈسسۇلچى يىگىت بىردەم ئۆمىلەپ، بىردەم سەكرەپ تۇرۇپ، بىردەم يەردە دومىلاپ، دۈشمەنگە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ يۈرۈپ تۈگمەننىڭ يېنىغا بېرىۋالىدۇ ۋە تۈگمەننى دالدا قىلىپ تۇرۇپ دۈشمەن پوتەيىگە گىرانات ئاتىدۇ. پوتەي پارتلايدۇ. يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ جەڭچىلەرگە «ئالغا!» دېگەن ئىشارەتنى قىلىشىغا پوتەيدىن ئوق ئېتىلىدۇ. يىگىتكە ئوق تېگىپ تولغىنىپ يىقىلىدۇ. جەڭچىلەر ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. رىزۋانگۈل قەيسەرلىك بىلەن يېتىپ، ئۆمىلەپ - چۆگىلەپ يۈرۈپ يىگىتنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭ يارىلانغان بېشىنى تاڭىدۇ. ئۇنى يۆلەپ مېڭىشىغا ئوق تېگىپ دەلدەڭشىپ يىقىلىدۇ، چىشىنى چىشلەپ يارىدار يىگىتنى سۆرەپ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە ھالسىراپ، بىردەم توختىۋېلىپ ئۆمىلىشىگە يەنە ئوق تېگىدۇ. رىزۋانگۈل سەل كۆتىرىلىپ يىقىلىدۇ.

ئوفىتسېر يىگىت يۈگۈرۈپ، دومىلاپ دۈشمەن پوتەيىنى ئوققا تۇتۇپ يۈرۈپ تۈگمەنگە بېرىۋالىدۇ ۋە پوتەيگە گىرانات ئاتىدۇ. پوتەي شىددەتلىك پارتلايدۇ. سىرتتىن «ھۇررا!» ئاۋازلىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. «جەڭ مارشى» كۈچىيىدۇ. پارتلاش ۋە ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. پوتەي تەرەپتىن دۈشمەن ئاق بايراق چىقىرىدۇ.

ئوفىتسېر يىگىت ۋە باشقا جەڭچىلەر رىزۋانگۇل بىلەن ياردار يىگىت-
ىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ ۋە ئىككىسىنى يۆلەيدۇ. ئەتراپ ئاستا-ئاستا تىنچىيدۇ. (مۇڭلۇق مۇزىكا چېلىنىدۇ) رىزۋانگۇل ئاستا كۆزىنى ئېچىپ خاۋاتىرلىنىپ ئەتراپقا قارايدۇ ۋە يېنىدىكى ياردار يىگىتنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولىدۇ.

رىزۋانگۇل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاسماندىكى قۇياشقا، ۋەتەن دىيارىغا ۋە سەپداشلىرىغا تويماي تەلمۈرۈپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قولىنى بىردىن-بىردىن تۇتۇپ «ۋىدالىشىش» ئۇسسۇلىنى ۋە «دۈشمەنگە نەپرەت» ئۇسسۇلىنى ئويناپ سەپداشلىرىنى «دۈشمەننى تولۇق يوقىتىپ ۋەتەننى ئازاد قىلىش» قا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ياردار يىگىت قويىنىدىن رىزۋانگۇلنىڭ قىزىل ياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇشىغا رىزۋانگۇل يۈرىكىنى تۇتۇپ دەلدەڭشىپ يىقىلىدۇ، ئوفىتسېر يىگىت يۆلىۋالىدۇ. ھەممە خاۋاتىرلىنىپ قىزغا تەلپۈنىدۇ. رىزۋانگۇل سەپداش-لىرىغا، ئۆزىگە ياغلىقىنى تەڭلەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە قاراپ بىرلا كۆتۈرۈلۈپ جان ئۈزىدۇ.

يۈرەكنى ئەزگۈزەك مۇڭلۇق ۋە قايغۇلۇق ئىسكىرىپكىدا ئورۇنلانغان مۇزىكا چېلىنىدۇ. ھەممە باشلىرىدىكى شەپكىلىرىنى ئېلىپ ماتەم تۇتىدۇ. خۇددى كۈننىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك سەھنە ئاستا قاراڭغۇلىشىدۇ. پىرژېكتور نۇرىدەك يورۇقلۇق يىگىتنى يورۇتىدۇ. ئۇ رىزۋانگۇلنىڭ قىزىل ياغلىقىنى باغرىغا بېسىپ «رىزۋانگۇلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ ۋاقىتسىز لېكىن ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەت-كەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇلنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوينايدۇ (سەھنە يورۇپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىدۇ) يىگىت يەردە سوزۇلۇپ ياتقان رىزۋانگۇلنىڭ يۈزىنى ئېھتىيات بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ياپىدۇ ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «دۈشمەندىن چوقۇم قىساس ئالىمەن» دەپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىدۇ. جەڭچىلەر قوراللىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ۋىدالىشىش ئوقىنى ئاتىدۇ (ئۈچ ۋىلايەت مارشى ئېيتىلىدۇ). يىگىت مىللىي ئارمىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ھەرىكەتنى قىلىدۇ. ئوفىتسېر قىزنى كۆتۈرۈپ ياندايدۇ. باشقا جەڭچىلەر قوراللىرىنى بەتلەپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ھەرىكەتنى قىلىدۇ.

سىرتتىن «ھۇررا!» ئاۋازلىرى، مىنا ۋە بومبىلارنىڭ ئۇچقان، پارتلىغان ئاۋازلىرى، پىلىموتنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. «جەڭچىلەر مارشى» داۋاملىق ئېيتىلىپ تۇرىدۇ، پەردە ئاستا-ئاستا يېپىلىدۇ.

# «سونېت» ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئابدۇللا تالىپ

سونېت — ئىتالىيانچە «سوننېتو» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «تەسەۋۋۇر يەكۈنى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. سونېت ئاتالغۇسى ئەڭ دەسلەپ ئىتالىيىدە — ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش مەزگىلى (1200—1600 - يىللار) دە مەيدانغا كەلگەن. شېئىرىيەتنىڭ بۇ شەكلىنى تۇنجى قېتىم ئىتالىيان شائىرى فرانسىسكو پېتراك (1304—1374) ئىجاد قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ھېسابسىز نۇرغۇن لىرىك ھېسسىياتلىق سونېتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان. ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن ياۋروپا ئەللىرىگە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ سونېتنىڭ تەسىرىمۇ ئىتالىيە چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە روسىيە شائىرلىرىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. لېكىن، ئەنگلىيىدە سونېتقا كۆرۈنەرلىك ئىسلاھات كىرگۈزۈلدى. نەتىجىدە ياۋروپا ئەدەبىيات سەھنىسىدە سونېتشۇناسلىق يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سونېت پېتراك شەكلى ۋە شېكسپىر (1564—1616) شەكلى دەپ ئىككى چوڭ شەكىلگە ئايرىلدى. ياۋروپا سونېتشۇناسلىرىنىڭ بەزىلىرى پېتراك شەكلىگە مايىل بولسا، يەنە بەزىلىرى شېكسپىر شەكلىگە مايىل بولدى. كېيىنچە، شېكسپىر شەكلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. «4 - ماي ھەرىكىتى» دىن كېيىن ئېلىمىزگە تونۇشتۇرۇلغان سونېت شەكلى — دەل شېكسپىر شەكلى بولۇپ، (ئون تۆت مىسرالىق شېئىرلار» («十四行诗») دېگەن ئاتالغۇ بىلەن جۇڭگو ئەدەبىيات لۇغىتىگە كىردى. دېمەك دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا شېكسپىر شەكلى قوبۇل قىلىنىشىمۇ رۇس شائىرلىرى پېتراك شەكلىنى ئىستېمال قىلدى. ئا. سىرداشنىڭ «تەگرىتاغ» دا ئېلان قىلىنغان سونېتلىرى ئەنە شۇ پېتراك شەكلىگە مەنسۇپ.

بىز تۆۋەندە سونېتنىڭ ئاشۇ ئىككى خىل شەكلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

I پېتراك شەكلى: بۇ شەكىلدىكى سونېتنىڭ ھەر بىر كۇپلېتى ئون تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ ۋە تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. ئالدىنقى ئىككى گۇرۇپپىسى تۆت مىسرالىقتىن، كېيىنكى ئىككى گۇرۇپپىسى ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلىدۇ. قاپىيە سىخېمىسى: ئا. ب. ب. ئا + ئا. ب. ب. ئا + ئا. ئا. ب + ئا. ئا. ب بولۇپ كېلىدۇ.

II شېكسپىر شەكلى: ئون تۆت مىسرانىڭ ئالدىنقى ئۈچ گۇرۇپپىسى تۆت مىسرادىن، كېيىنكى گۇرۇپپىسى ئىككى مىسرا بولۇپ قۇرۇلىدۇ. قاپىيە تۈزۈلۈشى: ئا. ب ئا. ب + ئا. ب. ئا. ب. ± ئا. ب. ئا. ب + ب. ب بولۇپ كېلىدۇ.

# ئوكتاۋيوپاز جۇڭگو ئەدەبىياتى توغرىسىدا

**سوئال:** سىز ئەزەلدىنلا جۇڭگو شېئىرلىرىغا قىزىقىسىز. شۇنداقلا بۇرۇن جۇڭگو شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان ئىدىڭىز. مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** مەن خەنزۇ تىلىنى بىلمەيمەن. لېكىن جۇڭگو شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ۋە فرانسۇز تىلىدىكى تەرجىمىدىن قايتا تەرجىمە قىلىمەن. مېنىڭ تەرجىمەم پەقەت شېئىرى مۇھىت، شېئىرى كەيپىيات، مەزمۇن ۋە ئاھاڭدىن ئىبارەت. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ئاساسلىقى تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلار، مەن ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىلىدىكى نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان تەرجىمىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ئاندىن ئىسپان تىلىدا يېزىپ چىقىمەن. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن لى بەي، دۇ پۇ، ۋاڭ ۋېي، سۇڭ سۇلالىسى شائىرى سۇشى، ئۇندىن باشقا خەنيۈنىڭ نەسىرلىرىدىنمۇ ئازراق تەرجىمە قىلدىم.

**سوئال:** بۇ تەرجىمىلەر ئىسپان تىلىدا نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن قانداق ئىنكاسلار بولدى؟

**جاۋاب:** ئىنكاسلار ناھايىتى ياخشى ھەم قىزغىن بولدى. ھەتتا 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ياش بىر ئەۋلاد مېكسىكا شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇ شېئىرلارغا ناھايىتى قىزىقىپ قالدى. ھەتتا شەرق كەيپىياتىغا تەقلىد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلارمۇ بولدى.

**سوئال:** بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ قارىشىچە شەرق پەلسەپىسى سىزگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەنىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا شەرق پەلسەپىسىنى تىلغا ئالغان ئامېرىكا تەنقىدچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆزى يېرىم - ياتا. بۇ ھەقتە سىز ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتسىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** شۇنداق. ئۆز ۋاقتىدا مەن ھىندىستانغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ ئالتە يىل تۇرۇپ قالدىم. شۇڭلاشقا مەندە بۇددىزم پەلسەپىسىگە نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتە مەن جۇڭگو پەلسەپىسىگە ئەزەلدىنلا ناھايىتى قىزىقىمەن. بۇ جۇڭگو ئەدەبىياتىغا بولغان قىزىقىشتىن كېلىپ چىققان. ئەلۋەتتە مەن ئالىم ئەمەس. چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىن سۆز ئاچالمايمەن. لېكىن مەن جۇڭگو بۇددىزم تەلىماتى ۋە تەرىقەتچىلەر ئىدىيىسىگە دائىر تەرجىمە ئەسەر ۋە تونۇشتۇرۇشلارنى خېلىلا كۆپ ئوقۇدۇم. بولۇپمۇ تەرىقەتچىلەر ئىدىيىسى، لاۋزى ۋە جۇڭزى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇدۇم. مەندە تەرىقەتچىلەرگە ئالاھىدە بىر قىزىقىش بار. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە تەرىقەتچىلەر پەلسەپىسىنىڭ شېئىرىيەتكە بولۇپمۇ تىلشۇناسلىققا نىسبەتەن ناھايىتى زور قوزغىلىش رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئېنىق. مەن ئەدەبىي ئوبزورلىرىمدا، شېئىرىيەتنىڭ سىرىنى مۇھاكىمە قىلغان چاغلىرىمدا كۆپ قېتىم تەرىقەتچىلىك ئىدىيىسىدىن پايدىلاندىم. بولۇپمۇ «يوقلۇق» ۋە «بارلىق» تەرەپلەردە.

**سوئال:** ئۇزۇندىن بېرى سىز لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلار ئىچىدە شەرققە نىسبەتەن باشتىن - ئاخىر قىزىقىپ كېلىۋاتىسىز.

ھازىرقى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئەھۋالى قانداق؟

**جاۋاب:** بەزىلەردە ياپون ۋە جۇڭگو شېئىرىيىتىگە بەزىبىر قىزىقىشلار بار. ئەمما بۇلار كۆپ ئەمەس. قىزىقىشمۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. بەلكىم مېنىڭ ئۇچراتقانلىرىم ئازدۇر.

**سوئال:** سىز شەرق پروزىسىنى پەقەتلا تىلغا ئېلىپ باقمىدىڭىز. سىزدە پروزىغا نىسبەتەن زادىلا قىزىقىش يوقمۇ ـ قانداق؟

**جاۋاب:** ياق ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئوقۇغانلىرىم ئاز ئەمەس. جۇڭگونىڭ كىلاسسىك رومانى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ھېكايىلەرنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغانمەن. ئەمما ھازىر ئىسمىنى ئەسلىيەلمەيمەن. مەن يەنە «تارىخنامە» نىڭ ئالدى بىلەن فرانسۇز تىلىدىكى تەرجىمىسىنى، كېيىن ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئوقۇدۇم. ئەمما مەن يەنىلا فرانسۇز تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ بىر قەدەر تولۇق. ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ سالمىقى ۋە تەبىئىيلىكى سەل ئاجىز.

**سوئال:** جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشلۇقىڭىز بارمۇ ـ يوق؟ سىزنىڭ قىزىقىشىڭىز كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكىلا قالىدۇ؟

**جاۋاب:** مېنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن بىرىنچى قېتىملىق تونۇشۇشۇم يەنىلا شېئىر تەرەپتىن بولدى. ئېھتىمال 40 يىللار بولغاندۇ. ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئوقۇغىنىم بىر نەپەر ئەنگلىيە يازغۇچىسى بىلەن بىر نەپەر جۇڭگولۇق ئالىم بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» ئىدى.

**سوئال:** ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. ھازىر سىزدە ئەنە شۇ شېئىرلار توغرىسىدا قانداق تەسىراتلار بار؟

**جاۋاب:** كونكرېت، ئىنچىكە تەركىبلەر يادىمدا يوق. پەقەت ئېسىمدە قېلىشىچە ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگو شېئىرىيىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقى، جۇڭگودىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بىر ئىزدا توختاپ قالمىغانلىقى ئادەمنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىدۇ. سىلەر ئەسلىدىنلا شېئىر مىللىتى.

**سوئال:** قارىغاندا سىزنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىغا بولغان قىزىقىشىڭىز بىزنىڭ پەرزىمىزدىكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن مەن يەنە بىر نەچچە سوئال سورىسام بولغۇدەك. خاتالاشمىسام سىز يەنە ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىنىمۇ ئوقۇغانسىز؟

**جاۋاب:** ئوقۇغىنىم يەنىلا شۇ ھەممە كىشىلەر ئوقۇغان لۇشۈن بىلەن باجىننىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

**سوئال:** ماۋدۇننىڭچۇ؟

**جاۋاب:** ماۋدۇننىڭ «تۈن» دېگەن رومانىنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى كىتاب ئىشكابىمغا تىزىقلىق تۇرىدۇ. ئوقۇشقا پەقەتلا پۇرسەت چىقمىدى.

**سوئال:** يېڭى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ـ يوق؟

**جاۋاب:** كۆرگەنلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس. تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم يەنىلا شېئىر. شۇڭلاشقا بىر قىسىم تەيۋەن يېڭى زامان

(داۋامى 104 ـ بەتتە)

# ئىككى ھېكايە

## جەزىرە بۇرھانوۋا



**تەھرىردىن:**

سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى جەزىرە بۇرھانوۋا 1932 - يىلى ئالموتا شەھىرىدە تۇغۇلغان، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى غۇلجا شەھىرى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىسىدە ئۆتكەن، 1961 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ، «كوممۇنىزم تۇغى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە تەھرىر ۋە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئىككى ھېكايىسىنى دىققىتىڭىزلارغا سۇنىمىز.

## ئاقلانمىغان ئانا سۈتى

بۈگۈن قۇياش نۇرىنى بولەكچىلا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا. كىشى قەلبىنى ئاجايىپ ھېس-تۇيغۇلار چىرمىۋالغاندەك ھەممە نەرسە شۇنچىلىك گۈزەل ۋە كۆڭۈللۈك كۆرۈنىدۇ. كاككۇك ئاۋازىچۇ تېخى...

ئېھ ماي! قانچىلىك گۈزەل، قانچىلىك ھېكمەتلىكسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سېنى «ماي—ھېكمەتكە باي» دەيدىكەن-دە...

يولدىشىمغىمۇ مىنىڭ گۈزەللىك تەسىرى قىلدىمۇ، بىلمەيمەن ئۇ «ھەممە ئىشلىرىڭنى تاشلىغىنا، بەرىبىر ئىش دېگىننىڭ تۈگىمەيدۇ-غۇ، ياخشىسى ئىستىراھەت بېغىغا بېرىپ ئايلىنىپ، دەم ئېلىپ كېلەيلى» — دېدى. بۇ تەكلىپكە مەنمۇ دەرھال قوشۇلدۇم.

باغقىمۇ كەلدۇق. دەرۋازىدىن كىرىپ-چىقىۋاتقان ئادەم سان-ساناقسىز، ھەممە گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلماقتا. بىزمۇ ئۇزاق ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، گۈللەر ئارىسىدىكى بوش ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە تۆرلۈك مودىلاردا كىيىنگەن قىز-يىگىتلەرگە ۋە باشقىلارغا قاراپ دەم ئېلىپ ئولتۇردۇق. مانا، چىرايلىق كىيىنگەن ياش ئەر-ئايال بەش-ئالتە ياشلاردىكى بىر كىچىك قىزنى يېتىلەپ توپتوغرا بىز ئولتۇرغان يەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئايال يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن «ئادىلەم ھەدە، ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭلار، سىلەرنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەن-غۇ!» دەپ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. مەن تونۇيالمىغانلىقىمنى بىلدۈرمەي قۇچاقلاپ كۆرۈشتۈم. ھال-ئەھۋال سوراشتۇق...

— ھەدە، ئاكا، سىلەر مېنى تونۇمايۋاتسىلەرغۇ دەيمەن — دېدى ئايال ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مەن بىر چاغلاردىكى قوشناڭلار ساردىخان مومايىنىڭ نەۋرىسى روزاغۇ. بۇ يولدۇشۇم، بۇ بولسا مېنىڭ قىزىم زۇمرەت.

ئايال شۇنداق دەپ قىزىغا ئېگىلىپ قاراپ قويدى.

— ھە، ھە، ۋاي تۇۋا، مۇنۇ قىزنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى قاراڭلار، — دەپ

قايتىدىن تىنچ-ئامانلىق سورىشىپ، سارىخان چوڭ ئانامنى سورىدۇق. روزا بولسا ئۇنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى: «مومام يېقىندا سەكسەن ياشقا تولدى. ئۆزى تېخى تىمەن، بىراق كۆزى بىر ئاز ناچارلىشىپ قالدى...» بىز مۇشۇ خىلدا خېلى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن روزا ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بەردى. ئۇلار خوشلىشىپ، ئىلگىرى مېڭىپ كەتتى. بىز ئولتۇرۇپ قالدۇق.

شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن خېلى ئۆتۈپ، روزا ھېيت كۈنى بولدى. سارىخان چوڭ ئانامنى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن يوقلاپ كېلەيلى دەپ، روزا بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كەلدۇق. دەرۋازىدىن كىرىشىمىزگە بىزنى روزانىڭ ئاپىسى رىزۋانگۈل ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى.

— ۋىيەي، تۇۋا! كۈن قاياقتىن چىقتى... — دېگەندەك يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن ئۆيگە باشلىدى.

سارىخان چوڭ ئانام پاكىز كىيىنىپ، تۆت قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاپا مېھمانلار كەلدى، ئادىلەم بىلەن ئەنۋەر سىزنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى رىزۋانگۈل. ئانا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، بىز:

— ئولتۇرسىلا چوڭ ئاپا، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، ئۇ ھاياجان ئىلكىدە لەۋلىرى تىترەپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ دېدى:

— تۇۋا، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن كۆچۈپ كەتكىنىمىزگە ئۇزۇن يىللار بولدىغۇ، بىر شەھەردە تۇرۇپمۇ شۇنچە يىل كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز-ھە.

— يىگىرمە بەش يىل دەڭا ئاپا، — دەپ تولۇقلىدى رىزۋانگۈل ئانىسىنىڭ سۆزىنى.

— ۋاقىت دېگەن نەرسە ئۇچقۇر بولىدىكەنغۇ، ئۆتۈپ كەتكىنى بىلىنمەي قالىدىكەن، — دېيىشىپ ۋاقىتتىن شىكايەت قىلىشتۇق. ئۇزۇن ئولتۇرۇشۇپ، چاي ئىچكەندىن كېيىن، قايتايلى دېۋىدۇق، ئۇلار قويۇپ بەرمىدى.

— بۈگۈن سىلەرنى قوندۇرۇۋالىمىز. يىگىرمە بەش يىلدا بىر قېتىم قونساڭلار نېمە بوپتۇ، — دەپ ئۇنىماي بىزنى قوندۇرۇپ قالدى. كەچتە ھەممە ئائىلە ئەزالىرى يىغىلىشىپ ئاندىن كېيىنكى بىز كۆرمىگەن بالىلارنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى. لېكىن رىزۋانگۈلنىڭ چوڭ قىزى راھىلەمنىڭ گېپى بولمىدى.

— راھىلەم نەدە، كىمگە تۇرمۇشقا چىقتى، بالىلىرى باردۇ، — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇنى قويۇڭ، بىز ئۇنى بالىلىرىمىزنىڭ قاتارىدىن ئاللىقاچان ئۆچۈرۈۋەتكەنمىز. ئۇ بىز ئۈچۈن دوزاخ-كۆيدۈرگە بولدى-غۇ، ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئاقلالمىدى... — دېدى ماھمۇت بىر تۈرلۈك ئېچىنىشلىق، غەزەپلىك تولغىنىپ.

«نېمە ئۈچۈن؟» — دەپ ئويلىدۇم ئىچىمدە، ئاندىن بۇ ھەقتىكى گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى-دە، باشقا گەپلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقتىن، ئورۇن سېلىنىپ ھەممە يېتىشتى. رىزۋانگۈل ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياتتۇق. كۆزدىن ئۇيقا قېچىپ، بىز ئىككىمىز قايتىدىن مۇڭدىشىشقا باشلىدۇق.

— راھىلەمدىن نېمانچىلا رەنجىدىڭلار، پاكى قېچىپ ئەرگە تېگىۋالدىمۇ؟ —

دەپ ئىچىمدىكى ئويۇمنى ئېيتىپ سالدىم.
— قىچىپ تېگىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەسقۇ، ئاتا - ئانىغا ئەلەم قىلىدۇ. لېكىن بۇ پۈتۈنلەي باشقا مەسىلە. — رىزۋانگۈلنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئاۋازى تىترىدى. — «كىشىنىڭ يېرىدىگە ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ» دېگەندەك، مەنمۇ لېۋىمنى چىشلەپ قالدىم. نېمىنى ئېيتاي، ئۇنىڭ شۇنچە جاپاسىنى تارتىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇپ نەۋرە كۆرگىنىمدە، ئۆز تۇغقان ئانىسىنى تېپىۋالدى، — رىزۋانگۈل ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

رىزۋانگۈلنىڭ بۇ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ، «تۇغقان ئانىسى» دېگىنىڭىز نېمىسى، راھىلەم سىزدىن تۇغۇلغان ئەمەسمۇ، مانا قىزىق، سىز ئۇنى ئۆز كۆكرەك سۈتىڭىزنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىۋىدىڭىز - غۇ، — دېدىم. بىر چاغلاردا رىزۋانگۈل ئېمىتىپ، كۆتۈرۈپ يۈرگەن بۇدۇرۇق بوۋاق كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— ھە، گەپ شۇ ئۆزۈمنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىتىپ، مېھرىم چۈشۈپ قالغانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ، جېنىم قېرىندىشىم، — دەپ ئاندىن رىزۋانگۈل كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، راھىلەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بەردى.

× ×

بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ چۈشكىنىمدە، ماھمۇتنىڭ بىر سىڭلىسى، بىر ئىنىسى بار ئىدى. بىزنىڭ تويىمىز بولۇپ ئالتە ئايلاردىن كېيىن ئىنىسى مەسۇتنىمۇ سۆيگەن قىزى زورە بۈۋىگە ئۆيلەندۈردۇق. بىز ئىككى كېلىن، ئىككى ئوغۇل، ئاتا - ئانا ھەممىمىز شۇنچىلىك ئىناق تۇرۇپ، كۈنلەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋەردى. ئۇلارنىڭ تويىدىن ئالتە - يەتتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خاتىرجەم ھاياتىمىز غەمگە ئايلاندى: زورە بۈۋىنىڭ ئاپىسى تۇيۇقسىزلا تۈگەپ قالدى. ئېھتىمال، بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈم ھەممىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر قايغۇ بولدى. مۇسىبەتلىك كۈنلەر ئۆتۈپ ئانىنىڭ قىرقى نەزىرى تۈگىگەندىن كېيىن زورە بۈۋىنى قائىدە بويىچە ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كەچقۇرۇنلۇقى گۈگۈم چۈشۈپ قالغان مەزگىل ئىدى. مەسۇت كىرىپ كەلدى - دە، بىر تۈرلۈك مەيۈس ئاھاڭدا: «زورە بۈۋىنى كۆرمىدىڭىزمۇ ھەدە، ئۆيگە كىرسەم، ئۆي ئىچى بىسەرەمجان، ئۆزى يوققۇ» — دېدى.

— ياق، بايىلا يۈرەتتىغۇ، — دېدىم پەرۋا قىلماي. مەسۇتنىڭ پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىگە كۈلگۈم كەلدى. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

زورە بۈۋى شۇ كەتكىنىچە ئارىدىن بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەسۇت بىزۇرۇقتۇم بولۇپ، ئىچىدىن قىينىلىپ يۈردى. ئاندىن ئاپام بىلەن دادام رەھمىتى: قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى، نېمە ئىش بولدى ئۇلارغا، دېيىشىپ كېتىشىۋىدى. كەچتە ناھايىتى خاپا ھالدا قايتىپ كېلىشتى.

ھەي — ھەي، نېمە دەيسىز ئوتتۇرىدىكى دوست - دۈشمەنىنىڭ ئوڭ - تەتۈرى غەيۋەت گەپ - سۆزلىرىگە. «قۇدىلار قارىلىقنى ياخشى قىلمىدى. بىز چامغۇر كۆمگىنىمىز يوق، ئۇنداق قىلىپ قارىلىق قىلغۇچە قىلمايلا قويسۇن. راسا تاشپۇچاق ئىكەن - دە!» — دېگەنگە ئوخشاش ھەق - ناھەق گەپلەرگە قايناپ كەتكەن زورە بۈۋىنىڭ دادىسى توپتوغرا قىزىنىڭ ھۆجـ

www.uyghurkitap.com



رىنىڭغا كېلىپتۇ - دە، زورە بۆۋىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. تىۋۋا، ئۇمۇ ھەتتا ئېرىدىغىنىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويماستىنلا، دادىسىغا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا بىر نەچچە كىشىلەرنىمۇ ئەۋەتتۇق. مەستۇتنىڭ ئۆزىمۇ بىر نەچچە قېتىم باردى. بىراق ئۇلار زادىلا ئېرىدمىدى. «كۆرگىنىڭگە كۆنسەن» دېگەندەك مەستۇتمۇ، باشقىلىرىمىزمۇ بۇ ئورۇنسىز ئىشقا كۆندۇق، ئامال يوق. كېيىن ئۇلار سوت ئارقىلىق رەسمىي ئايرىلىپ كېتىشتى.

ھەممە دەرد - ئەلەمنى ئانىنىڭ تارتىدىغانلىقى تەبىئىي بىر ھال ئەمەسمۇ، تىۋۋا، دەيتتى ئاپام بۇ ئورۇنسىز ئىشلارغا ئىچى پۇشۇپ «ئادەمنى سۆز بۇزىدۇ، دۇنيانى بوران» دېگىنى راستكەن - دە، شۇنچىۋالا ئۆي بۇزغۇدەك ھېچ ئىش بولمىدىغۇ! — دەپ يىغلايتتى. چۈنكى بىز ھەر ئىككى كېلىنىنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ كېلىشىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، دەسلەپ مېنىڭ كۆزۈم يورىدى — قىز بوشاندىم. ئاغرىقخانىدىن ساق - سالامەت ئۆيگە چىقىپ، قىزىمىزنىڭ ئېتىنى راھىلەم قويدۇق. لېكىن بۇ خۇشاللىقىمىز ئاز كۈندىلا بەربات بولدى: بالا چاچراپ كەتتى...

قولىنىڭدىكى بوۋاق ئۆلسە شۇنچىلىك يامان بولىدىكەن، بۇنى خۇدايىم ھېچ بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن. ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. يىغلاپ - قاقشاپ، كۆكرەك سۈتۈمنى پاتقۇزالماي سېغىشۋېتىمەن. مەھكەم تېڭىۋېتىمەن. مېنىڭ مۇشۇنداق ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە زورە بۆۋىمۇ قىز بوشىنىپتۇ. ئۇياق دوختۇرخانىغىمۇ بارماي، تونۇش ئاكوشېركىنى ئۆيىگە چاقىرىپلا بوشىنىپتۇ - دە، بالىنى كۆرمەستىن كىندىكىنى كېسىپلا، ھەتتا يۇماي يۆگەككە ئوراپلا «خەقنىڭ بالىسىنى باققۇچىلىكىم يوق، نەگە ئاپارسا ئاپارسۇن» دەپ بىزگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ.

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن يۈرەكلىككە غەزەپلىنىپ، زورە بۆۋى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىغا لەنەت ئوقۇشتى. ئاندىن دادام رەھمىتى: «بوپتۇ، بوپتۇ رىزۋانگۈل، قىزىڭىز ئۆلمەپتۇ» دەپ، بالىغا دەرھال راھىلەم دەپ ئات قويدى. بوۋاقنى ئېمىتىشكە باشلىدىم. كۈنلەر ئۆتۈپ بالىغا مېھرىم چۈشۈپ، ئۆلۈپ كەتكەن راھىلەم خىيالىمغىمۇ كەلمەيدىغان بولدى. مانا شۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيىمىز چېقىلىپ، يېڭى بىنادا سىلەر بىلەن قوشنا بولۇپ قالدۇق. راھىلەم ئىككى ياشقا كەلگەندە روزا تۇغۇلدى. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئۇ ئۆيلەر بىزگە تارلىق قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيگە تېگىشىپ، مۇنۇ ئۆيلەرنى سالدۇق.

راھىلەم سەككىزىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېدىتسىنا تېخنىكۇمىغا كىردى. ئۇنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەمشىرە بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن توي قىلىپ، تۇرمۇشقا چىقاردۇق. نەۋرىمۇ كۆردۇق.

«يىغا ياندىن، بالا - قازا قېرىنداشتىن» دېگەندەك، كىچىك ئانىمىزنىڭ پەيزىراخمان دېگەن ئوغلى بار، ئۆزى مۇئەللىم، تارىخ پەنىدىن دەرس بېرىدۇ. خېلىلا سىپايە يىگىت. بۇ بالا بىزنىڭ ئۆيگە قويۇق كېلىدىغان بولۇپ، راھىلەم بىلەن ئوكچە يەردە مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدى. راھىلەم بولسا بوۋاقنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇپ پات - پاتلا يوقاپ كېتىدىغان ئادەتنى چىقىرىپ قالدى. بوۋاقنى

بېقىپ ئولتۇرۇۋېرىمەن. ھېچ نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ، تۇۋا!...

× ×

دەم ئېلىش كۈنى ئىدى، ھەممىمىز ئۆيدە، چۈش مەزگىلى، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۈستەلگە يىغىلىپ ئولتۇراتتۇق. بىر چاغدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا زورە بۇۋى كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. مەسۇتقا قارىۋىدىم رەڭگى ئۆزگىرىپ تاتىرىپ كەتتى-دە، دەرھال ئاياغىنى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سانسىيەم بولسا بۇ ئاياللىڭ كىملىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن يۈرىكىم جىغىلدە قىلىپ قالدى. چۈنكى باققان بالىنىڭ ئۆتىنى باققان كىشىنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. كۆڭلۈم بىر يامانلىقنى سەزگەندەك، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي، تىلىم باغلىنىپلا قالدى. بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن زورە بۇۋى ھېچكىمنىڭ تەكلىپىسىزلا سۇپىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن خۇددى ۋەدىلىشىپ قويغاندەك راھىلەمۇ بالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. نەۋرەمنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىشىمغا زورە بۇۋى خۇددى بىگىزگە ئولتۇرۇپ ئالغاندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، بالىنى تالىشىپ ئېلىۋالدى-دە، تىل-ھاقارەت دېگەننى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا بولۇۋاتقان بۇ ۋەقەگە ھەيران بولۇپ، خۇددى بېشىمغا قاتتىق بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇۋەتكەندەك گاڭگىراپ قالدىم.

بىر ھازادىن كېيىن ئۆزۈمنى بىر ئاز تۇتۇپ ئېلىپ، زورە بۇۋىدىگە: يوقال، سېنىڭ بۇ قارا يۈزۈڭنى خۇدايىم بىزگە ئىككى ئالەمدە كۆرسەتمىسۇن، سېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، ھېچكىم سېنى چاقىرىپ كەلمىدى. نېمە دەپ كەلدىڭ ئۇياتسىز، ئۆز ۋاقتىدىمۇ سېنى ھېچكىم قوغلىمىغان ئىدى-غۇ، ئەقىلسىز. ئالدى-كەينىڭنى ئويلىماي، داداڭغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدىڭ، ھايۋانمۇ بالىسىنى تاشلىمايدۇ. سەندە ھايۋانچىلىكمۇ مېھىر بولمىغاچقا، تۇغۇپلا تاشلىۋېتىپ، بالا چوڭ بولغاندا ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ، ۋىجدانسىز! — دېدىم. شۇنىسى ئەلەم قىلدىكى، «ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى ماي ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان ئېتەر» دېگەندەك، ئاق سۈتۈمنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان قىزىم، ئاشۇ ھازازۇل تەرەپدارى بولۇپ، مېنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ھاقارەتلىدى: «مېنىڭ ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە سەن سەۋەبچى بولغان ئىكەنسەن، مېنىڭ ئانام سېنىڭ ئەلىمىڭگە چىدىماي، ئېرى بىلەن بالىسىنى ساڭا تاشلاپ بەرگەن. ئەگەر سەن مېنىڭ دادامنى ياخشى كۆرمىگەن بولساڭ، بالىسىنى باقاتتىڭمۇ!...» — دەپ بىلجىرلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھاقارەتلىرىگە چىدىمىغان ماھمۇت بىلەن ئاپام ئۇلارغا «ئۆيدىن يوقىلىڭلار ئالۋاستىلار!» — دەپ ۋارقىراپ دۈمبىلىرىدىن ئىتتىرىپ، ئۆيدىن سۈرۈپ چىقىرىۋەتتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بىز ئۇنى بالىلىرىمىز قاتارىدىن ئۆچۈردۇق. بۇنداقمۇ ئەلەملەر بولىدىكەن قېرىندىشىم بۇ جاھاندا...

مۇشۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىن، ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، بۇ خوتۇن باشقا رېسپۇبلىكىلارغا بېرىپ، بىر نەچچە ئەرگە تەگكەن بولسىمۇ،

چىقىشىپ ئۆتەلمىگەنلىكتىن ئۇلاردىن ئاجرىشىپ، مۇشۇ ئەتراپقا كۆچۈپ كېلىپ، مېنىڭ قىزىمنى ئۆزىگە قاراتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەيزىراخمانغا يولۇ- قۇپ، ئۇنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ بولسا زورە بىلەن راھىلەنى ئۇچراشتۇرۇپ، تونۇشتۇرۇپ يۈرۈپتۇ. زورەنىڭ «قىزىمنى ئۆزۈمنىڭ قىلىپ ئالسام، مەسۈتنىڭ قو- لۇمغا چۈشۈشى ئاسان»، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ ئاشتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەسۈت ئايالى بىلەن سەۋەبسىزلا، پات-پات جېدەل چىقىرىدى- غان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى سانىيەمنىڭ يېزىدىكى قوشنىسىنىڭ شەھەردە ئوقۇيدى- غان قىزى يوقلاپ كەپتۇ. سانىيەم مېھ- ماننى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ، چاي تەييارلاپ جوزىغا سېرىق ماي قويۇۋىدى، مەسۈت مېھماننىڭ ئالدىدىلا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى. سانىيەم ھېچنەرسە سەزدۈرمەستىن قىزنى مېھمان قىلىپ، ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ قىزنى سەز- مىدى دەمسىز، ئىككىنچى قېتىم بۇ ئۆيگە ئاياق باسمىدى.

مېھمان ئۆيدىن چىقىشى بىلەنلا، مەسۈت خۇددى قاتتىق چىققان بوراندەك، ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىپ كىرىپ: «كەلگەن ھەممە سەھرالىققا ماي قويۇۋېرەتتىڭمۇ!» دېدى- دە، جوزىدىكى ئاپقۇرنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇنداق بىر جېدەل چىقاردىكى، ۋۇجۇدۇم تىترەپ، ئەقلىم ھەيران بولدى. ئۇ ئائىلىمىزدىكى ھېچ- قايسىمىزغا قاپىقىنى ئاچمايتتى. ئاپام مەسۈتقا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ: «سەن سانىيەمنى ئۇنداق ئورۇنسىز ئازابلاۋەرمە، ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئەپۇچان ئۇ سېنىڭ بىر ئېغىز ئىللىق گېپىڭنىڭ غېرىبى. سانىيەم ئەقىللىق، ئىرادىلىك بولغىنى ئۈچۈن، سېنىڭ مىجەزىڭگە كۆنۈپ، ھېچكىمگە ھېچنەرسە بىلدۈرمەي، ھەقىقىي ئايالنىڭ ئاندىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ. سەن بۇلارنى چۈشەنمەمسەن؟!»— دېگەندەك گەپ- لەرنى قىلدى. لېكىن مەسۈت: «ياخشى بولسا ئۆزىگە مېنىڭ ئۇنىڭغا يالۋۇرغۇم يوق، قېچىپ كەلگەن ئۆزى، مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن» دېدى. ئاپام: «مەن سېنىڭدىن كەچسەم كېچە- مەنكى، لېكىن سانىيەمدىن كەچمەيمەن!»، دەپ ئۇنى سىلكىپ يىغلىدى...

— ئەمدى راھىلەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن- لىرىنى ئاڭلاڭ، — دېدى ئۇ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ، — ئۇ ئاپىسى بىلەن ئالدىنئالا كېلىشىۋېلىپ، مەسۈتنى پات-پاتلا تاماق ئېتىپ ئۆيىگە چاقىرىدىكەن. ئاندىن زورە بۇۋى خۇددى تەساددىپي كېلىپ قالغاندەك كىرىپ كېلىدىكەن. بىز مانا، راھىلەمنىڭ مۇشۇ خىلدىكى «ساۋابلىق» ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدۇق.

× ×

بىچارە سانىيەمگە ئائىلىمىزدىكى ھەم- مىمىزنىڭلا ئىچى ئاغرىيدۇ، ئامال يوق. «قىز بالا دېگەن سالغا تېشى» دېگەننى راست ئىكەن-دە، دەپ قالىمەن. مەسۈت بىر يېزىغا كاماندىروپكىغا بارغىنىدا شۇ يەردىكى ئاياللار ئۇنى تونۇشتۇرۇپتۇ، سانىيەم ياش قىز بولغىنى ئۈچۈن بىرىنچى سېزىمغا بېرىلىپ كېتىپ، ئالدى-كەينىنى ئويلىماي، ئۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى سۈ- رۈشتۈرمەيلا، ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقى- سىز، مەسۈت بىلەن بىللە كەپتۇ. مەسۈت ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەنلىكى

توغرولۇق ئۇ قىزغا گەپمۇ قىلماپتۇ. بىزمۇ بۇ ھەقتە ھېچ گەپ قىلمىدۇق. نېمە دېيىمىز ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆيلەنگەنلىكىنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ يۈردۇق...

سانىيەم كېلىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتـكەندىن كېيىن، ئاپام بىز ئىككى كېلىننى ئېلىپ بىر چايغا باردۇق. سانىيەم چىـرايلىق، يېقىملىق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ھەممىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشتى. تۆردە ئولتۇرغان موماي-لاردىن بىرى: «خويما تاتلىق قىز ئىكەنغۇ، كىمنىڭ قىزىسىز بالام، يولدىشىڭىز كىم؟» دەپ سورىشىـغىلا، خۇددى مۇشۇنداق سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغان بىر ياش ئايال: «كىمنىڭ ئايالى بولاتتى، پەرىدەمنىڭ ئېرىگە تېگىۋالغان بۇزۇق»، دەپ تۈمشۇقىنى تۈردى. بىچارە سانىيەم بۇ كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، قىزىرىپ كەتتى. ئەمما لام دېمەسـتىن چاندۇرماي ئولتۇردى. ئاپام ئۇ ئايالغا قاراپ: «ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلماڭ. بۇ قىزىمدا سىز دېگەن ئەيىب يوق. ئۇ ھېچكىمنىڭ ئېرىگە تەگكەن ئەمەس. ئۆزىنىڭ خۇدا قوشقان يولدىشى»، دېۋىدى ئۇ ئايال ئۆينى بېشىغا كىيىپ بىر زەھەرلىك كۈلۈۋېلىپ، «خۇدا قوشقانمىش تېخى، بىرىنچى نىكاھنى خۇدا قوشىدۇ، ئىككىنچىسىنى ئادەم قوشىدۇ، ئۈچىنچىسىنى بولسا شەيتان قوشىدۇ. بىلـمەمدىلا بۇ چىرايلىقچۇ، مەسۇتنىڭ سۆيۈپ ئالغىنى ئەمەس. ئۇلارنى يول ئۈستىدە شەيتان قوشقان» دېدى. ئۇ ئايال ئۆزىـنىڭ گېپىگە ئۆزى كۈلۈپ، تېخىمۇ چالـۋاقاشقا باشلىدى. بىرىنچى قېتىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇ ئايالنىڭ نەلەردىن مۇنداق گەپلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئولتۇردۇم.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن بىچارە قىز ئاپامغا نالە قىلىپ: «ئاپا بۇ نېمىدېگەن ھاقارەت! نېمىشقا مەسۇت ماڭا باشتا ئۆيلەنگەنلىكىنى ئېيتمىغان-ھە، نېمە بولسا باشتا ئېيتسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ناھەق گەپلەرگە قانداق چىدايمەن. مېنىڭ ۋىجدانىم ئۆمۈر بويى ئازابلىنىدىغۇ، ئەمدى!»، دەپ كۆز-ياشلىرىنى تۆكتى. ھەي ئانا، دېسىڭىزچۇ بىچارە ئاپام خىـجالەت بولغاندەك «بوپتۇ قىزىم، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن تاشلىۋەتكەن خوـتۇنىنى ئېغىزغا ئالمىغاندۇ» دەپ كۆڭـلىنى ياسىدى. شۇندىن بېرى ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. لېكىن سانىيەم شۇ ھاقاـرەتتىن كېيىن ئۆزىنى ئەيىبلىكتەك سېزىپ، روھسىزلىنىپ، گەپ-سۆزسىز، بېشىنى سېلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

مانا ئەمدى زورە بۆۋى بىلەن راھىـلەمنىڭ قىلغانلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، مەسۇتقا ئىچىدىكى دەرد-ئەلەملىرىنى ئېيتىپ، ئۇ ئىزا تارتماستىن «سەن ماڭا چاپلىشىۋالغان بالا-قازا بولدۇڭ، مەن سېنى زورلاپ ئالغىنىم يوق، ھەممىنى قېچىپ تەگكەن ئۆزۈڭدىن كۆر. سېنىڭ قىممىتىڭ ماڭا بىر تىيىن، بار، مېنى سوتقا بەر!...»، دەپ بىچارىنى ھاقارەتـلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...

زورە بۆۋى بولسا مەيدىسىنى كېرىپ، «بەرىبىر مەسۇت مېنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزۈمگە قايتىپ كەلدى: بىرىنچى مۇھەببەت دېگەن قاچان بولمىـسۇن ئۆز ئىگىسىنى تاپىدۇ...»، دەپ جاھانغا پاتماي يۈرگۈدەك.

سانىيەم ئۆزىمىز بىلەن بىللە ياشاۋاتـتىدۇ. ئىككى ئوغلى چوڭ بولدى. ئۇلار

ئاپىسىغا قەۋەتلا مېھرىبان بالىلار بولۇپ ئۆستى. ئاپىسىنى بەكمۇ ئايايدۇ. ئاپىسىنىڭ ئېيتقان ھەر قانداق سۆزىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قانۇن، دەپ بىلىشىدۇ. چۈنكى سانىيەم ھاياتىنى بالىلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئالىيجاناب ئانا.

## تالاشتا قالغان جەسەت

بۈگۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە يېرىم تاغارچە كېلىدىغان شىمىشكىنى تازىلاپ، سورۇپ، پوچەكلىرىنى ئايرىپ، قورۇپ سېتىشقا تەييارلاپ قويغان تالىپ بوۋاي، ئەتىسى ئەتىگەندە چاي - پېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بىر دانە ئىستاكان بىلەن تاغىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بوۋايغا «شىمىشكىلىرى خېرىدارلىق بولسۇن ئىلاھىم!»، دەپ ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققان جۈھەر موماي، قايتىپ كىرىپ جوزىنى يىغىشتۇرۇپ، چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ، ئۆينى تازىلاش بىلەن بەنت بولۇۋاتاتتى، ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى غىچ قىلىپ ئېچىلدى. «بۇ كىرگەن كىمدۇ» دەپ ئويلىغان موماي دېرىزىدىن تاشقىرىغا قارىدى، بوۋاينىڭ قايتىپ كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، «نېمە بولىدىكىنە، شۇنداق تېز سېتىپ بولغان ئوخشىمامدۇ؟»، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي بىر تۈرلۈك پەرىشان، قاپاقلىرى چۈشۈپ، ئىنتايىن رەنجىگەن مەيۈس ھالدا كىرىپ كېلىپ، ئېغىر تىنىپ، ئۇسسۇلۇق سورىدى. بىر چىنە سوغۇق چاينى سۇمۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ھەيران بولۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مومايغا ئەھۋالنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— خۇدايا تۇۋا، ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مىشكاپنى يەرگە قويۇپ ئەمدىلا بىر - ئىككى ستاكان سېتىشىمغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھېلىقى ساقچى بالا يېتىپ كەلدى. ئۇ بەكمۇ قوپاللىق بىلەن: «تۇرۇك، ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، ئاقساقال. يەنە كېلىپ ساتىدىغان بولسىڭىز جەرىمانە قويىمىز، ئۇ چاغدا ياخشى بولمايدۇ»، دەپ قوغلىدى قارا. مەن ئۇنىڭغا «بۇ نەنىڭ ھايانكەشلىكى بولسۇن، مەن بۇ شىمىشكىلارغا قانچىلىك ئەمگەك قىلدىم. ئۇنداق قوغلىما، ئالىدىغان پېنسىيەم ئاران قىرىق سوم. ئۇ نېمىگە يېتىدۇ بالام!»، دەپ يالۋۇردۇم. لېكىن ئۇ «مەن سېنىڭ بالاڭ ئەمەس، ماڭ بۇ يەردىن، يوقال»، دەپ ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك بىلەن خۇددى گۇناھكارلارنى ھايدىغاندەك مۈرەمدىن ئىتتىرىپ قوغلىۋەتتى. بوۋاي يىغلامسىراپ سۆزلەپ، كالىچىنى يېشىپ، سۇپىغا چىقىپ سېلىقلىق تۇرغان كۆرپىگە بېشىغا تەكيىنى قويۇپ سۇنايلىدى. بىر ھازاغىچە ئۈنچىقماي، ھېلىقى ساقچى بالىغا غەزەپلىنىپ يېتىپ، خىيالى بىردىن ئۆتمۈشنى چارلاپ كەتتى.

...ئۇزاق يىللار مابەينىدە كولخوزدا ئېغىر ئىشلارنى ئىشلەپ يۈردى. بىر كۈنى تويۇقسىزلا قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا چىقالمىدى. ئۇنىڭ ئىشقا چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن بىرىگادىر ئاتلىق تالىپنىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كېلىپ:

— تالىپ، ھاي تالىپ! — دەپ ۋارقىرىدى. بىرىگادىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ،

ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ چىققان تالىپنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئۇچىسىدىكى قارا خىرۇم چاپىنىنىڭ يېلىگە قامچىسىنى قىستۇرۇپ ئالغان بىر دىگادىر ئىنتايىن تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭدىن: «سەن نېمىشقا ئىشقا چىقمىدىڭ؟»، دەپ ۋارقىراپ سورىدى. تالىپ ئىشقا چىقمىسلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگىچە زەھەرخەندىلىك بىلەن يېلىدىكى قامچىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى...

«يىقىلغاننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئۆزى قاتتىق ئاغرىق ئىكەنلىكىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر دىگادىرنىڭ قامچىسىنى يېگىنى تالىپقا ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خورلۇقتا چىدىماي دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى...

تالىپ بىر ئاز ياخشى بولۇپ، دوختۇرخانىدىن چىققىنىدىن كېيىن، ئەمدى بۇ كولخوزدا ئىشلەپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، كۆپ ئويلىنىپ تولغاندى. بىر كۈنى شەھەردىن سىڭلىسى تالىپنى يوقلاپ چىققاندى، ئۇ ئاكىسىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، يىغلاپ تۇرۇپ «قانداق قىلىمىز، بولدى، قولۇڭدىكى ھەممە تەئەللۇقاتىڭنى سېتىپ بىزنىڭ قورۇغا كۆچۈپ كەل، بارنى تەڭ كۆرىمىز، كېيىنچە ئالدىرىماي بىرەر قورۇ سېتىپ ئالارسەن. ئىش قىلىپ «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.»، دېدى. ئۇلار بىرمۇنچە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، تالىپ دوختۇرنىڭ ئېغىر ئىشقا يارىمايدۇ، دەپ بەرگەن ئىسپىراپكىسىنى كۆرسىتىپ ۋە قايتا-قايتا ئەرز يېزىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن كولخوزدىن بوشاندى. مانا ئەمدى ئۇ قاسىم بىر دىگادىردىنمۇ قۇتۇلدى.

كولخوزدىكى بەزى جان كۆيەرلىرى بولسا ئۇنىڭغا «ئۆگەنگەن يېرىڭدىن كېتەلمىگىن. بىر دىگادىر قاسىمنى سوتقا بېرەيلى، ھەقىقەت دېگەن نەرسە باردۇ...» دېيىشتى. لېكىن تالىپ «بولدى، ئۇنى سوتقا بېرىپ نەلەردە سۆرىلىپ يۈرەي، ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن، ئەرباب ئۇرار ھەر باب بىلەن» دېگەندەك، بەربىر سوتمۇ شۇلار تەرەپتە بولىدۇ. كولخوز رەئىسىمۇ ئەلۋەتتە قاسىمنى ياقىلايدۇ. ھەقىقەت دېگەن تېپىلمايدىغان نەرسە. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردىن ئۆزۈمنىلا يوقىلاي»، دەپ، قەتئىي قارارغا كېلىپ كۆچۈپ كەتكەنىدى.

شەھەرگە كۆچۈپ كېلىپ، سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە بىر-ئىككى يىلدەك تۇرغاندىن كېيىن، يېرى خېلىلا چوڭ، كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار بىر قورۇنى سېتىۋالدى. ئۆزى كۆزەتچىلىككە ئورۇنلاشتى. جوھەر بولسا ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، بالىلىرىنى خاتىرجەم ئوقۇتۇشقا باشلىدى. كېيىنرەك جوھەرمۇ بىر ئاشخانىغا قاچا يۇغۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تۇرمۇشلىرى خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئەمدى تالىپ ئۆي سېلىش مەقسىتىدە ئاستا-ئاستا قىرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا باشلىدى. «يۇرت ئىچىدە ھەممىگە يول تېپىلىدۇ» دېگەندەك، يۇرت ئەھلىمۇ، ھاشار قىلىپ، توپلىشىپ ئىشلەپ ئۆيمۇ سېلىۋالدى... ۋاقىت دېگەن قۇشتەكلا ئۇچۇپ ئۆتىدىكەنغۇ، دەپ ئويلىدى بوۋاي. ئەمدى ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. ھەي، ھەقىقەتسىزلىك دېسىڭىزچۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە يىللار كولخوزدا ئىشلىگەن ئېغىر ئىشلىرى ھېسابقا ئېلىنماي ستاژغا كىرگۈزۈلمىدى. ئاشۇ كۆزەتچىلىك ئىشى

بىلەن قىرىق سومغا پىنسىيىگە چىقتى. ئاپاسىمۇ خۇددى شۇنداق يېشى يەتكەنلىكى بىلەن ستاژى يەتمىگەنلىكتىن، نۇرغۇن قېتىم مېڭىپ يۈرۈپ، ئارانلا ئون سوم قېرىلىق پۇلى ئالىدىغان بولدى...

بوۋاينىڭ خىياللىرىنى جوھەر موماينىڭ: «بولدىلا قانداق قىلىمىز، نېمانچە خاپا بولىدىلا، تەن ساق بولسا بىرگەپ بولار»، دەپ مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزى بۆلۈۋەتتى. ئاندىن ئىككىسى بىر-بىرىگە تەسەللىي بېرىشىپ چۈشلۈك چايغا ئولتۇرۇشتى.

بوۋاي قاتتىق خاپا بولۇپ، ۋىجدانى ئازابلانغانلىقىنىمۇ، باشتا ئىلىك-سىلىك ئاغرىپ يۈرۈپ، ئاندىن يېتىپ قالدى. شۇ ياتقىنىچە ئۆرە بولالماي، ئاخىرى يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. موماي بولسا بىر قورۇدا يالغۇز ئۆزىلا قالدى. بالىلىرى ئايرىم ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

...ئەمدى نۇردۇننىڭ خىيالى باشلاندى. بۇ ئۆي ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. ئاخىرى كۆپ ئويلىنىپ، تولغىنىپ، بۇ ھەقتە ئايالى بىلەن مەسلىھەتلەشتى:

— گۈلمىيا، — دېدى ئۇ (ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى گۈلسۈم ئاغىچا ئىدى) ئايالىنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ، — ئاپامنى ئەكېلىۋالساق ئۆيىنى سېتىپ ماشىنا ئالىمىز. ئاپام بولسا بالىلارغا قارايدۇ، — دېدى. «ماشىنا ئالىمىز» دېگەن سۆز گۈلمىياغا شېرىنچىلىك يېقىپ كەتتىكى، دەل ھازىر ئۆزىنى يېپيېڭى ماشىنىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، دەرھال ئېرىنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى.

× ×

دەم ئېلىش كۈنى ئەتىگەندە نۇردۇن بالىلىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئانا ئۇلارنى ئادەتتىكىدەك سەمىمىي قارشى ئېلىپ، نەۋرىلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ھە- ئانا ئۇچۇن بالىسىنىڭ پات-پات كېلىپ مۇشۇنداق يوقلاپ تۇرۇشى بىلەن ئىللىق سۆزىدىن باشقا نېمە كېرەك، دەيسىز؟!

ئانا بىلەن كېلىن بىرلىكتە چاي تەييارلاپ، تاماق ئېتىشتى. ئاندىن ھەممە جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، گەپتىن گەپ چىقىپ گۈلمىيا: — ئاپا سىز قانداق يالغۇز تۇرالايسىز، بىز سىزنى ئۆز ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېتىمىز. مانا بۇ نەۋرىلىرىڭىزمۇ «مومامنى ئەكېلىۋالايلى، موماي بىللە ياتىمىز»، دەپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى. سۆزنىڭ ئاخىرىنى نۇردۇن تارتىۋالدى، ئۇ ئاپىسىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— راست ئاپا، ھەممىمىز بىللە تۇرايلى، كېلىنىڭىزمۇ «ئاپامنى ئەكېلىۋالمىساق بولمايدۇ»، دەپ سىزنى زادىلا ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

موماي ئويلىنىپ قالدى: «بالىلار راست ئېيتىدۇ. ھازىر كۈچ-قۇۋۋىتىم بولغىنى بىلەن، ئەتە-ئۆگۈن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىم تۇرغان گەپ. ئۇنىڭدىن كۆرە بالىلىرىم مۇشۇنداق چىرايلىق تەكلىپ قىلىپ تۇرغاندا ئۆز قەدرىم بىلەن بارسامۇ-باراي، بۇلارنىڭ شۇنچىلىك قىلغانلىقىغىمۇ رەھمەت.» موماي شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، «بوپتۇ بالىلىرىم، سىلەر دېگەندەك بولسۇن، ھەممىمىز بىللە تۇرايلى» دېدي مۈگدىنىپ. ئازدىن كېيىن موماي تىترەك ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ئەمما داداڭ سالغان بۇ ئۆيلەرنى قانداق تاشلاپ كېتىمىز؟

— قىزىقسىز-دە، ئاپا. تاشلاپ كەت-

مەيمىز، سېتىۋېتىمىز، — دېدى گۈلنىيا ئىتتىككىلا. كېلىنىنىڭ «سېتىۋېتىمىز» دېگەن گېپى كۆڭلىنى بىر تۈرلۈك غەش قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىلىندۈرمىگەن ئانا ئىچىدە ئېغىر تىنىپ قويدى...

«بۇ ئۆي سېتىلىدۇ». دېگەن ئېلان دەرۋازىنىڭ بىر چېتىدىكى تامغا چاپلاپ قويۇلغان كۈندىن باشلاپ خېرىدارلار كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. ۋاقىت - سائەتتى يېتىپ، ئاخىرى ئۆيمۇ سېتىلدى. سېتىپ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولغان نۇردۇن، ئۆينىڭ پۇلىنى يانچۇقىغا سالدى - دە، ئانىسىنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئانا يېڭى ھاياتنى — بالىلىرى بىلەن بىللە ياشاشنى باشلىدى. ئۇ نەۋرىلىرىنى مەكتەپتىن كۈتۈپ ئېلىپ، ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئەتىگەندە ئىشقا ئۇزىتىپ، كەچتە ئۇلارغا ئاتاپ تاماق ئېتىپ قوياتتى. ۋاي - ۋۇي، مۇنداق ئۆينىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ دەمسىز، ھەر كۈنى ئاشۇ ئىشلار بىر تەرتىپتە تەكرارلىنىۋېرىدۇ. گۈلنىيا ئۆي ئىشىدىن ئازاد بولۇپ تۈزۈككىلا ياسىنىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايى ئېچىلىپ، تولۇپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. نۇردۇنمۇ باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى. پۇل نېمە قىلغۇزمايدۇ، دەيسىز. ئۇ ئەڭ يېڭى ماركىلىق «ژىگولىي» دىن بىرنى ئالغاندىن كېيىن تاكسا شوپۇرلۇقىنى تاشلاپ پىۋا سېتىشقا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن خېلى ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىدىغان، ئاغىنىلىرى ئارىسىدا «بىزنىڭ نۇردۇن» دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. ئۆزى مەغرۇر ۋە تېتىك. «چىراي كۆرۈپ ھال سورا» دېگەندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان ھەر قانداق ئادەم، ئۇنىڭ پاراۋان ھايات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ بۇنداق يۈرۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن بەزىلەر «ھەممىسى ئانىسىنىڭ شاراپىتى، ئانا بۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئامەت دېگەن ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىنمۇ، دېرىزىسىدىنمۇ كىرىپ كەلدى.» دېيىشەتتى.

× ×

ۋاقىت ھەر نەرسىنى بەلگىلىگەندەك، مانا ئەمدى ئانا قېرىپ، پات - پاتلا ئاغرىپ قالىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنىمۇ بۇرۇنقىدەك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇ ھاسىراپ، نەپىسى قىسىلغاندەك بولاتتى. ھەي، بۇ قېرىلىق دېگەننىڭ داۋاسى يوق ئىكەن - دە، بىر كۈن ساق بولسا بىر كۈن ئاغرىق...

بىر كۈنى گۈلنىيا ئىشتىن قايتسا ئۆيمۇ بىسەرەمجان، تاماقمۇ ئېتىلمىگەنىدى. ئانا بولسا ئۆز كارىۋىتىدا ئۇخلىغىنىغا گىرىپلىكا قويۇپ يېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ گۈلنىيانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، چىشى قېرىشتى. كېيىن ئانىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ «توۋا، ساپ - ساق تۇرۇپ يېتىۋالغىنىنى، ھېچ بولمىغاندا بىر پارچە گۆش بىلەن شورپا سېلىپ قويسا تەييار گازدا پىشىپ قالاتتىغۇ»، دەپ غوتۇلدىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغانغا سالغان ئانا رەنجىپ تولغاندى. «توۋا، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — مېنىڭ ئىتتىمغۇ ئەمەس، بۇ ئۆيدە شۇنچە ئىشلەپ ئەمدى ئاغرىپ قالسام، بۇنىڭ دەۋاتقىنىنى قارا خۇدايىم!» ئانىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ: «ئەسلىدە بۇلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆيۈمنى ساتماي، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم تۇرۇۋەرسەم بولاتتىكەن. نېمىشقىمۇ يېڭىلىشقاندىمەن» دەپ ئويلاپ بوۋايىنى يادىغا ئالدى. رەھمەتلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاغرىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، خۇددى بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك «بالىلارنىڭ ئالدىغا بارما، ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ماكانىمىزدىن ئايرىلماي ئولتۇرۇۋەر، ئۇلار سېنىڭ ھالىڭدىن سىرتتىن خەۋەر ئالسۇن، بىزنىڭ كۆزىمىز يۇمۇلغاندىن كېيىن نېمە بولسا بولسۇن» دەپ تاپىلايتتى. مانا ئەمدى شۇ رەھمەتلىكنىڭ سۆزلىرى بىردىنبىر توغرا كېلىۋاتىدۇ. موماي ئازاب ۋە ئېچىنىشتىن تولغىنىپ كۆزىدە پەيدا بولغان ياش ئۇنچىلىرىنى يەڭگى بىلەن سۈرتتى...

نۇردۇن ئىشتىن قايتقاندا گۈلنىيا ناھايىتى سۇس، قاپىقى چۈشكەن، چىرايى ئومسىلا ئىدى. تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، ئايالىنىڭ چىرايىغا قاراپ، «نېمە بولدى، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ، قاپىقىڭىزدىن قار يېغىپ كېتىپتۇ-غۇ» دەپ سورىدى. گۈلنىيا بىر ئۇھ تارتىپ، ئىشتىن قايتىپ تاماق ئېتىپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرغانلىقى ھەققىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. نۇردۇن ئۈنچىقماي تىڭشاپ ئولتۇردى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئانا ياخشى بولالماي، خېلىلا ماغدۇرسىزلىنىپ قالدى. مومايىنىڭ ھالىنى بايقىغان كېلىن نۇردۇنغا: «ئاپامنى نۇرئەلاخانلارنىڭكىگە ئاپىرىپ قويايلى، ئۇمۇ بالىسىغۇ، ئۇلارنىڭ ئىمكانىيىتى ياخشى، قىزىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. چوڭلار ئىشقا كەتسىمۇ ئۇ موماسىغا قارىيالايدۇ» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ ۋۇجۇدى ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى. «ھە، ئەمدى مەن بۇ ئۆيگە ئوشۇقچە بولۇپ قاپتىمەن-دە، خەپ!» ئويلىدى موماي.

ئەتىگەندە نۇردۇن ئاپىسىنىڭ ھالىنى سورىدى. ئانا «ياخشى، بالام، تېنىم ئېغىرلىشىپلا كېتىۋاتىدۇ-غۇ، تاڭ» دېدى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ. ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى.

— يە نۇرئەلاخانلارنىڭكىگە بېرىپ، بىر ئاز تۇرۇپ كېلەمسىز، ئاپىرىپ قويايمۇ، ئۇ يەردە بەلكى ياخشى بولۇپ قالارسىز،— دېدى نۇردۇن ئاپىسىنىڭ كۆزىگە قارالماي.

ئانا كۆپ ئويلىنىپ تۇرماستىنلا «مەيلى، بارسام باراي، ئاپىرىپ قوي» دېدى-دە، نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى...

ئىشىك ئالدىغا ماشىنا كېلىپ توختىدى. نۇردۇن بىر كىچىك چامادانىنى سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئاپىسىنىڭ قولىدىن ئۇنى ئالدى-دە، ئاپىسىنى يۆلەپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى. ماشىنا ھەش-پەش دېگۈچە نۇرئەلاخانلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

نۇرئەلاخان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئانىنى خۇشال قارشى ئالدى. نۇردۇن ئانىسىنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن چايغىمۇ قارىماي، ئىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەرھال قايتىپ كەتتى.

موماي تەكسىگە يۆلىنىپ بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ساقلىقىنىڭ يامانلىقىنى، ئىشتىيىنىڭ يوقلۇقىنى، ئوڭ بېقىنىنىڭ كۆيۈپ ئاغرىيدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە ئارام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— بوپتۇ، ئاپا، تىرىك ئادەم ئاغرىيدۇ. دوختۇرغا كۆرسىتىمىز، ياخشى بولۇپ قالىسىز،— دېدى قىزى ئانىغا تەسەللىي بېرىپ.

ئانا ئاشۇ كەلگىنىچە ئېلىك-سېلىك ھالدا بىر مەزگىل يۈرۈپ بارغانچە ئورۇقلاپ تېخىمۇ ھالسىراپ كەتتى. ئاخىرى

ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. جىگەر كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان ئانىسىنىڭ ساقىيىشى گۇمانلىق ئىدى...

ھەي، تەقدىرنى نېمە دېگۈلۈك، ئانا شۇنچە ئۇزۇن ئاغرىپ ياتسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى يەنە كېلىشنى ئاندا-ساندا تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال سوراپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرەر قېتىممۇ كېلىپ يوقلىمىدى. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بەنت، «ۋاقىت يوق». ئانىنىڭ كۆزى بولسا ئىشىكتە. بالىلىرىنىڭ يوقلاپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ مېھرىگە چۆمۈلگىسى كېلىدۇ. لېكىن ئامال قانچە، ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ. تەلمۈرۈپ يېتىشتىن باشقا ئىلاج يوق. كېسەلنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئانا بىر كۈنى قىزى بىلەن كۈيئوغلىغا: «بالىلىرىم، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، بىرەر نەرسە بولۇپ قالسام، مېنىڭ ئاخىرەتلىك نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى تەييار. داداڭلار رەھمەتى ئۆز قولى بىلەن ئىككىمىزگە ئاتاپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قويغان» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى كىملەرنىڭ يۇيۇشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تاپىلاپ، مېيىت ئۇزىتىشتا قانداق ئىش ۋە قانداق رەسمىيەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈردى.

كۈيئوغلى رەھىمجان كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بىر قىسما بولۇپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ:

— قويسىلا ئاپا، مۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا ساقىيىپ كېتىدىلا، — دەپ ئانىغا تەسەللى بەردى.

ئارىدىن ئون كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن موماي مەڭگۈگە كۆز يۇمدى.

ئاپىسىنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىغان نۇردۇن بىلەن گۈلبىيا خۇددى مۇشۇ خەۋەرنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۆيلىرىنى رەتلەپ بوشىتىپ قويۇپ، ئاندىن نۇرئەلاخانلارنىڭكىگە كەلدى. بۇلار كىرىپ كەلگەندە ئۆيدە چوڭلاردىن بەش-ئالتىسى بار ئىدى. ئوغۇل بىلەن كېلىن ئازراق كۆز يېشى قىلىۋالغاندىن كېيىن، نۇرئەلاخانغا قاراپ:

— ئاتا-ئانىنىڭ ئۆلۈك-تىرىكلىكىگە ئوغۇل ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئاپامنىڭ جەسىتىنى بىزنىڭ ئۆيگە يۆتكىمەكچىمەن، — دېدى كۆزىگە قول ياغلىقىنى بېسىپ تۇرۇپ.

بۇ سۆزلەردىن نومۇس ۋە خورلۇقى كەلگەن نۇرئەلاخان ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاكىسىغا دېدى:

— ئاپامنى ئۆزۈممۇ ئۇزىتالايمەن. ئاپام بىچارە ھايات چېغىدا سىلەرنى بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ، تا كۆز يۇمغۇچە ئىشىككە تەلمۈرۈپ ياتتى. ئەمدى ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟!

— سەن قىزدىكەنسەن نۇرئەلاخان، مەن بەشىنىڭ كەينى بولسام، بەشىنىڭ ئالدى. ئانىسى كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىدە ئۇزىتىپتۇ دېسە ماڭا سەت بولمامدۇ؟ بۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن نومۇس! سەن بۇنى چۈشەنمەسەن؟

نۇردۇن ئەدىيالنى ئېلىپ جەسەتكە يېقىنلىشىۋىدى، نۇرئەلاخان ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن تىكىلىپ: «سەن ئوغلى بولساڭ، مەن قىزى. تولا ۋالاقلىماي يوقال نېرى!» دېدى-دە، غەزەپ بىلەن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. شۇ ئارىدا چوڭلاردىن بىرى ئارىغا چۈشۈپ نۇرئەلاخانغا نەسىھەت ئاھاڭىدا دېدى:

— نۇرئەلاخان قىزىم، ئاپىڭىزنى خويما ئوبدان باقتىڭىز، جۇھەرخانمۇ سىلەردىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى. ئۇنى ھەممىمىز

ياخشى بىلىمىز. بوپتۇ، نۇردۇن ئاپىسىنى هاياتلىقىدا قەدىرلىمىگەنلىكىن ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولسىمۇ بىر ئابروي تېپىۋالسۇن، بېرىڭ قىزىم.

نۇرئەلاخان ئانىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.

نۇردۇن ئۆزىنىڭ باشلاپ كەلگەن ئادەملىرى بىلەن نۇرئەلاخانىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، مەخسۇس ماشىنىغا جەسەتنى سېلىپ، ئاندىن هېلىقى چامادانىنى قولىغا ئالدى.

نۇردۇن جەسەتنى بىر ئۆيگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىنى ئاق بىلەن يېپىپ، كېرەكلىك تەييارلىقلارنى تولۇق تۈگەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن تەرەپ-تەرەپكە خەۋەر قىلىپ باغاق تارقاتتى...

«نۇردۇننىڭ ئاپىسى تۈگەپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانلارنىڭ هەممىسى كېلىشتى. يىراق-يېقىن ئاياللارنىڭ هەممىسىگە دېگۈدەك ئاق سىپانىپ، ئەرلەرگە ئاق باغلاندى. گۈلنىسا بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ياغلىقنى ئېچىپ سېلىپ، چېكىسىنى مەھكەم تاڭدى. ئۇ قېلىن كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ هەر بىر كەلگەن ئاياللار توپىغا قوشۇلۇپ «ئانامدىن ئايرىلدۇق، ۋاي ئانام! ئۆيىمىزنىڭ گۈلى ئانام! ئانام!» دەپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەن قوشاقلىرى بىلەن هەممىنى، بولۇپمۇ مومايلارنى يىغلىتىۋەتتى. ئېخىرى هەيران قالارلىقى شۇكى، هەتتا ئۇ كۆپچىلىك تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغاندا «ئېسىنى يوقىتىپ» قويدى. ئۇنى ئاياللار ئىككى قولتۇقىدىن يۆلىشىپ، ئاران دېگەندە ئېلىپ چىقىشتى...

نۇرئەلاخان بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، مۇنۇ بولۇۋاتقان ياسالمىلىقلاردىن يۈرىكى ئېچىشىپ، ئانىسىنىڭ هەر بىر سۆزىنى ئەسلەپ ئۈنسىز يىغلايتتى.

«ئۆلۈمدىمۇ، تويدىمۇ ئۈچ كۈنگىچە سۆز-چۆچەك بولىدۇ» دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ، باشقىلار نەدىن بىلسۇن، هازىغا قاتناشقان ئەر-ئاياللارنىڭ هەممىسى گۈلنىسادىن مىننەتدار بولۇپ، خېلىغىچە «توۋا، نۇرئەلاخان ئۆز قىزى تۇرۇپ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىقمىدى-هە، كېلىننى قاراڭلار، قېيىن ئانىغا نېمە دېگەن كۆيۈمچان، كېلىننىڭ بولسا شۇنداق بولسا» دەپ يۈرۈشتى.

نۇردۇن بولسا «ئوغۇل بالا» بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ جەسىتىگە «ئىگە بولۇپ» ئەل-يۇرت ئالدىدا ئابروي تېپىش مەقسىتىگە يەتتى.

---

شېئىرلىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇدۇم. خېلى يىللار بۇرۇن ئامېرىكا بىر قىسىم تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەشىر قىلغانىدى. مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇ ئىنگلىزچە تەرجىمىلەردىنلا ئىبارەت.

**سوئال:** سىزنىڭ جۇڭگوغا بولغان قىزىقىشىڭىز شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىكەن. ئۇنداقتا سىز هىندىستاندا ئەلچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا چوڭ قۇرۇقلۇققا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئويلىمىغانمىدىڭىز؟

**جاۋاب:** مەن هىندىستاندا تۇرغان يىللاردا شەرقنىڭ هەممە يەرلىرىگە دېگۈدەك بېرىپ كەلدىم. پەقەت جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغىلا بېرىپ باقماپتىمەن. ئەسلىدە دوستلار ئارقىلىق بارارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇزۇنغا قالماي «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» بولدى. شۇنىڭ بىلەن بارالمىدىم. هازىر مەن خېلىلا ياشىنىپ قالدىم. لېكىن يەنىلا جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغا بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىراق قاچان پۇرسەت ۋە بوش ۋاقىت چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

هەجەرگۈل قاسىم تەرجىمىسى

# شېئىرلار

**مىرزا كەنجەبېك** [سوۋېت ئىتتىپاقى]

مىرزا كەنجەبېك ھازىرقى زامان سوۋېت ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق ياش شائىرلارنىڭ بىرى.

ئۇ 1956 - يىلى سۇرخاندەريا ۋىلايىتىنىڭ سەرئاسىيا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. تاشكەنت دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن. ھازىرغىچە «مەكتۇبلىرىم»، «قۇياشقا قارىغان ئۆي»، «مۇناجات»، «شەرق ئېلى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. بىر قاتار ئىلمىي، نەزەرىيىۋى، تەنقىدىي ۋە تارىخىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇ يەنە ماھىر تەرجىمان سۈپىتىدە پوشكىننىڭ مەشھۇر «ئېۋگېنىي ئونېگىن» شېئىرىي رومانىنى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

## يەرگە چۈشكەن ئادەم

ئۇچتۇم ئاسمىنىڭدا، كۆپ ئۇچتۇم يۇرتۇم!
مەن بىر تاڭ ئويغىنىپ، ئاستا قوزغىلىپ.
ئۆتمۈشىنىڭ تۇمانلىق شۇ كۆزلىرىدىن،
كۆردۈم كېلەچەكنىڭ تىنىق كۆزلىرىن.

ئاھ، دوستلار روھىمنى بۇنداق يەنچىمەڭ:
قېنى ئۇ شېئىرىي روھ،
قېنى قادىرلىق؟!
مەن ئەمدى ئادەممەن، يەردە جەڭچىمەن،
شائىرلىق تۈگىدى،
پۈتتى شائىرلىق...

## غىلاپ بەندىسى

يۈرىكىدە ئاسمان گۈلدۈرلەر،
بولمىش بۈيۈك دۇنياسى نېسىپ.
ئۇ بالىسىنى سۆيۈپ ئۆلتۈرەر،
ئۆلتۈرىدۇ باغرىغا بېسىپ.

## كۈمۈش بېيىنىڭ سۈرىتى

سەن يېرىم قايرىلىپ تۇرۇپسەن گۈزەل،
بىر زۇلفىڭ چېھرىڭدە يەلپۈنمەكتىدۇر.
بەلكى ئۇ يۈزۈڭدە تەبەسسۇم باردۇر،
ماڭا قايغۇلۇقى كۆرۈنمەكتىدۇر.

بەلكى، ھايات ئۈچۈن يارالغانسەنۇ،
يوقلۇقنى يوقلابان سىلجىماقتىسەن.
بەلكى، كەلمەك ئۈچۈن بۇرۇلغانسەنۇ،
ئەمما كەتمەكچىدەك كۆرۈنمەكتىسەن.

## نىگاھ

ھېلى يىللار كېلەر، كۆپ ئۇزاق يىللار،
بىر مەجھۇل خىياللار ئىچرە تالغايسەن.
نېچۈن ئەستە دەپ ئەستىلىك شامال،
ئۆمرۈم كىتابىنى قولغا ئالغايسەن.

ماڭا نەھاجەت سۈلھى ۋە ھىجرەت،
بىلەرسەن، قالمىغاي شۈبھە يۇ - خۇدۇك.
بالام، مەن مەككارلار دۇنياسى ئىچرە،
رەزىل كۈلكىلەرگە باقالىدىم تىك.

## تىرىكلىك ھەققىدە

بۇ شۇنداق بىنادۇر - مۇكەممەل، يۈكسەك،
يارالغان تەپەككۇر، مېكىر كۈچىدە.
ئېيىمغا ھېچقاچان چىقالماس، دېمەك،
ياشىسا خەلق ياشار پەقەت ئىچىدە.

بۇ شۇنداق سېھىردۇر - ھېچكىم سۆيۈنمەس،
بوي سوزۇپ كۆرەلمەس ئۆزگىلەر مۇلكىن.
بۇ دېمەك دۆلەتتۇر، گەر خەلق تۇرسا،
پەقەت سايىسىدا تۇرۇشى مۇمكىن.

بۇ بىر كۆۋرۈكتۇر - پىششىق، مۇستەھكەم،
دولقۇنلار ھۆركىرەپ ياشار قەستىدە.
كۆۋرۈككى، خەلق قانچە شاۋقۇنلىسا ھەم،
ئېقىپ يېتىۋېرەر ئۇنىڭ ئاستىدا.

## غاپىل زاتلار توغرىسىدا

ھەيھات چۈشەنمىدىم، ھەيھات ئۇلارنى،
نە پەرياد ئويغىتار، نە داد ئۇلارنى.
پەلەك، غاپىللىرىڭ جېنىمغا تەگدى،
ماڭا غەپلەت بەرۇ، ئويغات ئۇلارنى!

## دەپسەنكى

دەپسەنكى، شېئىرىدىن باغرىم ئېزىلگەن،
بۇنچىلار ئاھ چېكىپ نىتەركىن تەنھا؟
ئاخىر، نادامەتۇ - زارلىرى بىلەن،
قايتىدىن يارىلىپ قالارمۇ دۇنيا!

جېنىم، مېنى شۇنداق ياراتمىش ئاللەم،
جاھانغا بىھۇدە سالماسمەن غەۋغا.
ئەمدى ئۆكۈتلىرىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن،
قايتىدىن يارىلىپ قالارمۇ دۇنيا!

## يەتتە يىل ئۆتۈپ...

باققىن ئەلچى تۇرنىلارغا سەن،
سەپىرىمنى ئەيلىگەي قەيت.
باغلارغا ئېيت، تۆكۈلمەي تۇرسۇن،
چۆكمەي تۇرسۇن تاغلىرىڭغا ئەيت.

سېنى كۆرۈپ روھىم سولمىسۇن،
دەل ئۆزۈڭگە ئوخشىغىن ئېنىق.
كونا قەھرىڭ مېھىر بولمىسۇن،
تەبەسسۇمىڭ چىقمىسۇن سىنىق.

سېنى كۆرۈپ بولمايسەن خىجىل،
ساچلىرىڭنى كۆرمەيسەن قارلىق.
باغلىرىڭنى كۆرەيسەن يېشىل،
تاغلىرىڭنى - يۈكسەك ۋىقارلىق.

## ناۋايى بېكىتى

يەر ئاستىدا - گۈمبەزلىك دىيار،
ياغدۇلىرى قىسىنغاي مېنى:
ناۋايىنىڭ سۈرەتلىرى بار،
ناۋايىنىڭ شاملىرى قېنى؟

ئەسىرلەرنىڭ كۈيلەر شاملى،
بىناۋادىل چۇلغان ناۋاغا.
ھەر كىشىنىڭ خىيالى بىر پەس،
باغلىنىدۇ ئەرشى ئالاغا.

يەر ئاستىدا - گۈمبەزلىك دىيار،
يۈكسەكلەرگە كۆتۈرگەي مېنى:
ناۋايىنىڭ يۇلتۇزلىرى بار،
ناۋايىنىڭ شاملىرى قېنى؟

يەر ئاستىدا - گۈمبەزلىك دىيار،
يەرنىڭ يورۇق غەملىرى قېنى.
ناۋايىنىڭ دەردداشلىرى بار،
ناۋايىنىڭ شاملىرى قېنى؟

ھەرقانداق زات بۇندا ئۆتكۈنچى،
ھەممە كىشى پەقەت ئالدىرار.
بۇرسەت قېپىپ، تېپىشىپ، ئۆكۈنچى،
ھەيرەتلىنەر ياخشى كىشىلەر.

يەر ئاستىدا - گۈمبەزلىك دىيار،
تۈنىنى ئۆرتىگەن يالقۇنى قېنى.
ھەزرىتىمنىڭ كېچىلىرى بار،
ھەزرىتىمنىڭ شاملىرى قېنى؟...

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىزى

# تاتار خەلق لەتىپىلىرى

## ئوغلى ھەم دادىسى

دادىسى قوشنا ئاۋۇلغا كېتىش ئالدىدا ئوغلىغا ئون تۆرلۈك ئىش تاپشۇرۇپ:

— مەن قايتىپ كەلگۈچە ئىشلەپ قوي، — دەپتۇ.

دادىسى كەتكەندىن كېيىن ئوغلى بىر دەم ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، تامىقىنى يەپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

دادىسى قوشنا ئاۋۇلدىن قايتىپ كېلىپ ئوغلىغا:

— نېمىشقا تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ ئىشلىمىدىڭ؟ — دەپتۇ. ئوغلى:

— قايسىسىنىڭ كەينىدىن قايسىسىنى ئىشلەشنى بىلەلمەي، كىرىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، — دەپتۇ.

## ھورۇن كېلىن

بىر كېلىن بىر دوستىغا:

— بەزىلەر چېچىنى ھەر كۈنى تارايدىكەن، ئاغرىقىغا قانداق چىدايدىغاندۇ. مەن چېچىمنى ئون بەش كۈندە بىر قېتىم تارىساممۇ، ئاغرىقىغا ئاران چىدايمەن، — دەپ زارلىنىدىكەن.

## چاچ-ساقال نېمىشقا ئاقىرىدۇ

بىر كىشى دوستىدىن سوراپتۇ:

— مېنىڭ چېچىم ئاق، ساقىلىم قارا، سېنىڭكى ئەكسىچە چېچىڭ قارا، ساقىلىڭ ئاق، نېمىشقا ئۇنداق؟ — دەپتۇ.

دوستى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— چاچ ۋە ساقالنىڭ ئاقىرىشى قاتتىق ئىشلەتكەنلىكنىڭ بەلگىسى.

— سەن بېشىڭنى كۆپرەك ئىشلەتكەنسەن، مەن ئاغزىمنى كۆپرەك ئىشلەتكەنمەن، — دەپتۇ.

## يالغانچىنىڭ يالغىنى

يالغانچىلىقتا ئەلگە تونۇلغان بىر كىشى مۇنداق دەپتۇ:

— ماڭا مىڭ سوم بەرسىمۇ يالغان گەپ قىلماس ئىدىم.

يېنىدا تۇرغان بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— مانا بۇ يالغان گېپىڭنى بىر تىيىنسىزلا ئېيتتىڭغۇ؟ — دەپتۇ.

غارىپۇللا تەييارلىغان



# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

▲ ھەرقايسى جايلاردىكى كىتابخانىلار ئاۋاز بېرىپ باھالاپ چىققان ئون يەتتە پارچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر يېقىندا «ھېكايىلەر ئايلىق گېزىتى» نىڭ بارچە گۈللەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ: — مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى ئىپادىلىگەن نادىر ئەسەرلەردۇر، — دېدى.

ھەربىي قىسىم يازغۇچىسى چۈەن يەنجىنىڭ ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسىرى «ئىلاھلىقتىن چۈشكەن ماۋزېدۇڭ» ئەڭ كۆپ ئاۋاز بىلەن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى، بەزىلىرى قايتا-قايتا ئېلان قىلىندى، بەزىلىرى كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەندى، يەنە بەزىلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئارىسىدا پېشقەدەم يازغۇچى بىڭ شىنىڭ، يېڭى دەۋردە يېتىشىپ چىققان يازغۇچى ۋاڭ مېڭ، فېڭ جىسەيلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ياش، تالانتلىق يازغۇچىلاردۇر.

(ئىسمائىل ئىبراھىم)

▲ بۇ يىل 5-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ياش يازغۇچىلار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جېن، ماۋدىنرۇي، خې جىڭجى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى، مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جېن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ياشلارنى ماركسىزم-لېنىنىزمنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە چاقىردى. يىغىندا يەنە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى مافېڭ، مالچىنفۇ قاتارلىق يولداشلار ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇھىم دوكلات بەردى. بۇ يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن ياسىن زىلال، خالىدە ئىسرايىل، زۇنۇن تاھىر، مۇھەممەت خېۋىر قاتارلىق ئۇيغۇر ياش يازغۇچىلىرىمۇ قاتناشتى.

▲ يېقىندىن بۇيان ياش شائىر ۋاڭ گوجېننىڭ شېئىر توپلاملىرى بازىرى ئىتتىك كىتابلاردىن بولۇپ قالدى. «ئەدەبىيات گېزىتى»، «جۇڭگو ياشلىرى» قاتارلىق نۇرغۇن نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللار ۋاڭ گوجېن شېئىرلىرى ھەققىدىكى ماقالىلەرنى باسماقتا. خۇددى ئاپتور ئۆزى: «سەممىيلىك بولمىسا مېنىڭ شېئىرلىرىممۇ يېزىلمايتتى ھەم كىتابخانلىرىمنىڭ شېئىرلىرىمغا بولغان قىزىقىشىمۇ بولمايتتى» دەپ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى سەممىيلىك، ئاددىي-ساددىلىق، ئۆزىگە خاس، ئۆزگىچە تونۇش تېما — مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبتىن يىراقلاشمىسلىقتەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇلاردىن نەتىجىلەنگەن ئامىمىباپلىق كىتابخانلارنىڭ تاللىشى بىلەن ئۇستىمۇ-ئۈست چۈشكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئاساسەن چوڭقۇر ۋە بىھۇدە ئىنچىكە روھىي تەسۋىرلەردىن كۆرە، ھەر خىل جانلىق ھېسسىيات تەسۋىرى بىلەن ئەقىللىقلىق مۇھىم

ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋاڭ گوچېڭنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاممىباپلىقنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆرنەك ئېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

▲ 1990-يىلى 9-ئايدا ئامېرىكىدا ئېچىلغان 22-نۆۋەتلىك خەلقئارا بالىلار كىتابلىرى كومىتېتى يىغىنى بۇ نۆۋەتلىك ئاندىرسون مۇكاپاتىنى تارقاتتى. بۇ مۇكاپات «يازغۇچى مۇكاپاتى» ۋە «رەسسام مۇكاپاتى» دىن ئىبارەت ئىككى مۇكاپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇكاپاتلانغان ئاپتورنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى كۆزدە تۇتقان. بۇ قېتىملىق يازغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى بالىلار يازغۇچىسى تورمود خاۋگېن ئۇنىڭ «تۈن قۇشى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. رەسسام مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئاۋستىرالىيە ئايال رەسسامى لىزبېت زىۋېگدۇر.

## يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتىنى قەدىرلەش

يېقىندا، شۋېتسىيە فرانسۇز تىللىق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى فاربى مەزكۇر رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى سادۇر تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر يازغۇچى سىمېنونا ھەققىدىكى زىيارەت خاتىرىسىنى تېپىۋالغان ۋە فرانسىيىنىڭ «ئەدەبىيات ژۇرنىلى» 1990-يىللىق 9-سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ خاتىرە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغانىدى.

بۇ زىيارەت خاتىرىسىدە فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سىمېنونا (1894—1961) نىڭ ئەدەبىيات بولۇپمۇ يېزىقچىلىق ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرى يورۇتۇلغان. سىمېنونانىڭ قارىشىچە، ئورماندا بىر-بىرىگە ئوپمۇ-ئوخشاش بولغان يوپۇرماقلار بولمىغىنىدەك، ھەر بىر ئادەمنىڭ دۇنياغا نىسبەتەن باشقىلار بىلەن ئوخشىمىغان ھېس قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. «ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئاۋازى بار. ھەرقانداق ئادەم ناخشا ئېيتسا بولۇۋېرىدۇ» مەدىرىس شەكلىدىكى مائارىپىنىڭ تەسىرىدە كىشىلەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئالدىنقىلارنى، كىلاسسىكلارنى دورىماقتا، بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئالاھىدىلىكىنى يوقاتماقتا. سىمېنونا ئەينى چاغدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ جانسىز، كونا، تاتىمال ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

سىمېنونانىڭ قارىشىچە، ئىنسان ئەڭ ئالدى بىلەن ھازىرلايدىغان شەرت تىل ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات. شۇڭا يازغۇچى ئۆز ھېسسىياتىنى تولۇق، چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان تىل رىتىمىنى تاپالايدىكەن، ئۇ ئۆز ئۇسلۇبىنى تاپقان بولىدۇ.

▲ ياۋروپادا چىقىدىغان «تايمىس»، «خەۋەرلەر» قاتارلىق بەش خىل گېزىت پىرقىرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ۋە سېلىشتۇرۇشى ئارقىلىق تاللاپ چىققان ياۋروپادىكى ئون چوڭ يازغۇچى مۇنۇلار:

شېكىسپىر (ئەنگلىيە)، گېيوتې (گېرمانىيە)، سېرۋانتېس (ئىسپانىيە)، دانتې (ئىتالىيە)، كافكا (گېرمانىيە)، فىرۇست (فرانسىيە)، توماس. مان (گېرمانىيە)،

موللېر (فرانسىيە)، جامېس چاۋېس (ئەنگلىيە)، دىككېنس (ئەنگلىيە).

(پولات ھېۋزۇللا)

▲ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۆزبېكىستاندىكى «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتى «ماۋىي تاغلار ئارقىسىدا» دېگەن بىر كىتابىنى نەشىر قىلغان بولۇپ، بۇ كىتابقا يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئەپسۇس»، «كۆكۆل» پوۋېستلىرى، يازغۇچى مۇھەممەتئىمىن ھوشۇرنىڭ «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ئەسەرلەرنى ئىمىن ئوسمان، يەھيا تاھىروۋ، مۇئەتتەر ۋە خۇرشىد دوستمۇھەممەدوۋلار ئۆزبېكچىلەشتۈرگەن.

▲ سوۋېت ئۆزبېكىستانىدا چىقىدىغان «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1990 - يىل 28 - دېكابىر سانىغا «تەڭرىتاغ قوشاقلىرى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «سالام ۋە ئۈمىد»، «يايلاق»، «قارىغاينىڭ خىسلىتى» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرى بېسىلغان. شېئىرلارنى سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى روزى قادىرى ئۆزبېكچىلەشتۈرگەن.

▲ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1991 - يىل 1 - مارت سانىغا قارىغاندا ئاتاقلىق ئۆزبېك يازغۇچىسى سەئىد ئەھمەد سوۋېت ئىتتىپاقى زۇڭتۇڭى گورباچېۋنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن «سوۋېت ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى زور خىزمەتلىرى ئۈچۈن» لېنىن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان. يەنە شۇ سان گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1989 - يىللىق مۇكاپاتى سۇلتان جاپپار، تىلەك جۆرە، ۋاھاپ روزىمەتوۋ، ئامان مۇختار، مەشرەب بابايېۋ، ئىبراھىم ھەققۇلوۋلارغا، 1990 - يىللىق مۇكاپاتى ئەركىن مالىكوۋ، ئابدۇۋەلى قۇتبىددىنوۋ، پاراغەت كامالېۋا، ھەبىبۇللا قادىرىي، رەمىز باباجان ۋە نەئىم كەرىموۋلارغا بېرىلگەن.

▲ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، تۇنجى ئۆزبېك رومان يازغۇچىسى، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھراپتىن چايان» رومانلىرىنىڭ ئاپتورى ئابدۇللا قادىرىنىڭ نامىدا جۇمھۇرىيەت دەرىجىلىك مۇكاپات تەسىس قىلىنغان. بۇ مۇكاپات ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئارخىتېكتورا ساھەلىرى بويىچە تارقىتىلىدىكەن.

▲ خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يېقىندا ئۆزبېكىستاندا زۇڭتۇڭ كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يازغۇچى، شائىرلاردىن سەرۋەر ئەزىموۋ، شۈكرۇللا، ھەلىمە خۇدايبەردىيېۋا قاتارلىقلار بار ئىكەن.

(ئەزىزى)






《天尔塔格》 文学双月刊

1991年第5期

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号

电　　话：218897邮政编码：830002

封　　面：新疆新华印刷厂制版印刷

印　　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂

国内统一刊号CN65－1012/1

邮局代号58－83

零售价：1.20元

« تەڭرىتاغ » قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

( 1991 ـ يىل 5 ـ سان )

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر

تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002

مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى

باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83 ـ 58

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن